

# بۇلاق

4

2014

源泉 (布拉克) ◎ BULAK

ISSN 1005-0876

9 771005 087006

定价：8.50元

www.uyghurkitap.com



يادىكار

مۇھسىن كەئانزادە سىزغان

ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

36 - يىل نەشرى ئومۇمىي 157 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



# بۇلاق

2014 ـ يىللىق 4 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت


## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


«تەزكىرەتۇل ـ ئەۋلىيا»دىن پارچىلار ............... پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىبادىگۈل نەجمىددىن
قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى «يىغلاڭغۇ بۇدساتۋانىڭ ھېكايىسى» ............ (11)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: رازىيە نۇرى


### شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


بۇلبۇلنامە ............ فەرىدىددىن ئەتتار (37)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇھەممەد سالىم سابىر


### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر


«كۈللىياتى مەسنەۋىيى خاراباتىي» ۋە ئۇنى نەشرگە تەييارلاشقا دائىر بايانلار ............ قۇربانجان ئابدۇقادىر (54)

ئۇيغۇر مىنىياتۇرا رەسسامى مۇھەممەد سىياھ قەلەم ۋە ئۇنىڭ رەسساملىق سەنئىتى .......... ئەھمەدجان ئابدۇرېھىم (66)
ئەلشىر نەۋايى غەزەللىرىدىكى تاشقى قىياپەت تەسۋىرى ................................ مەنسۇرجان تۇرسۇن (78)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

دانىشمەن دېدەك (چۆچەك) ........................................................................ (90)
توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: مۇتەللىپ پالتاجى، خەپىز ساتتار سالىھ
بۆرە بىلەن تۈلكە ........................................................................ (99)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
مەلىكە زەررىن تاج (چۆچەك) ........................................................................ (103)
توپلاپ رەتلىگۈچى: سابىرجان سىيت

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: چارباغ (رەسسام: مەمەت نەۋبەت)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى :دىلئارام باھاۋىدىن
ياردەمچى مۇھەررىرى : مۇتەللىپ ئىسمايىل
كوررېكتورى : ئارزۇگۈل كېرەم
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مۇقەددەس دىلشات

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@aliyun . com
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991

# «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»دىن پارچىلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىبادەتگۈل نەجمىدىن

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** «تەزكىرەتۇل ـ ئەۋلىيا» ناملىق كىتاب ئەڭ دەسلەپ ئاتاقلىق پارس يازغۇچىسى ۋە شائىرى فەرىدىددىن ئەتتار تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ئەسەردە ئىبراھىم ئەدھەم، بايەزىد بەستامىي، ئىمام شافىي، ھاتەم، شەجاھ كىرمانىي، جۇنەيد باغدادى قاتارلىق 90 دىن ئارتۇق تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھاياتى، پائالىيەتلىرى، قىزىقارلىق ئىش ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن. ئەسەردە ئاپتور تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئاجايىپ قىزىقارلىق كەچمىشلىرى ئارقىلىق كىشىلەرگە كەڭ قورساق ۋە ئەپۇچان بولۇش، سېخىي ۋە ھىممەتلىك بولۇش، ئادالەت بىلەن ئىش قىلىش، قانائەتچان بولۇش، مال ـ دۇنياغا بېرىلىپ رەزىل ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ، كىشىلەرنى يامان ئىشلارنى قىلماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ. مۇشۇ جەھەتلەردىن ئەسەر بەلگىلىك ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە. مۇشۇ نۇقتىلارنى كۆزدە تۇتۇپ ھەمدە «قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «شاكىلىنى تاشلاپ، مېغىزىنى ئېلىش» پىرىنسىپىغا ئاساسەن بۇ ئەسەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى بويىچە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇق.

كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنماقچى بولغان بۇ ئەسەر «تەزكىرەتۇل ـ ئەۋلىيا»نىڭ مۇھەممەد سىددىق رەشىدى ھىجرىيە 1190 ـ يىلى 60 نەچچە يېشىدا پارسچىدىن تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلغان قول يازما نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپ تەييارلاندى.

**ئابدۇللا مەغرىبىي ھەققىدىكى بايانلار:** مىللەتنىڭ پېشۋاسى، دۆلەتنىڭ يولباشچىسى، سۆھبەتداشلارنىڭ زىننىتى، ئەربابلارنىڭ تايانچى، شەرق ۋە غەربنىڭ تېگى شەيخ ئابدۇللا مەغرىبىي — ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — كاتتا كىشىلەرنىڭ ئۇستازى، ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئالدىنقىلىرىدىن ئىدى. ھەممە خالايىق ئۇنى چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇ تەۋەككۇلچىلىك ۋە يالغۇزلۇقتا، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىلىقتا ھېچ كىشىگە ئوخشىمايتتى. ئىبراھىم ئاتلىق ئىككى بۈزرۈك ئابدۇللا مەغرىبىينىڭ كاملىلىقى ۋە ئۇلۇغلۇقىغا يەنە شەرھى بايان لازىم ئەمەس، دەپ ئېيتقان. بۇ ئىككى ئىبراھىمنىڭ بىرسى ئىبراھىم شەيبانىي يەنە بىرسى ئىبراھىم خاس ئىدى. ئابدۇللانىڭ كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ئىشلىرى كۆپ ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ قولى يەتكۈدەك تائامنى يېمەيتتى، گىياھنىڭ يىلتىزىنى يەيتتى. شاگىرتلىرى يىراق جايلاردىن

گىياھ يىلتىزىنى ئەكېلىپ بەرسە، ئۇنىڭدىن ھاجىتىگە تۇشلۇق يەيتتى. مۇشۇنداق ئادەتلىرى كۆپ ئىدى. ئۇ دائىم يارانلىرى بىلەن سەپەر قىلاتتى. ھەمىشە پاكىز كىيىنىپ يۈرەتتى. كىيىمى كونىرىمايتتى، چىچى ئۇزارمايتتى.

ئابدۇللا نەقىل قىلىپ ئېيتىدۇكى، ئاتامدىن بىر ساراي مىراس قالغانىدى، ئۇنى ئەللىك ئەشرىپىگە ساتتىم. ئەشرىپىلارنى يانچۇقۇمغا سېلىپ مەككە يولىغا كىردىم. بىر ئەرەب ماڭا ئۇدۇل كېلىپ:

— سەندە قانداق مال ـ دۇنيا بار؟ — دەپ سورىدى.

— ئەللىك ئەشرىپىم بار، — دېدىم.

— ئەشرىپىڭنى ماڭا بەر، — دەپ ئالدى ۋە ساناپ يەنە ماڭا قايتۇرۇپ بەردى، ئاندىن تۈگمىسىنى ياتقۇزۇپ، — كەل، تۈگمىگە مىن، — دەپ مېنى تۆگىگە مىندۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى.

مەن ئۇنىڭدىن:

— ساڭا نېمە بولدى، نېمىشقا ئەشرىپىمنى مەندىن ئېلىپ يەنە قايتۇرۇپ بېرىسەن، — دېدىم.

ئەرەب ماڭا:

— راستچىللىقىڭ كۆڭلۈمگە ياقتى، شۇڭا سېنى دوست تۇتتۇم، — دەپ مېنىڭ بىلەن ھەجگە كەلدى.

نەقىل قىلىنىدۇكى، ئابدۇللا مەغرۇبىينىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ھەربىر ئوغلىغا بىر ھۈنەر ئۆگىتىشنى لازىم تاپتى.

ئابدۇللا مۇنداق دەيدۇ: «ئوغۇللىرىم مەندىن كېيىن قالسا، مەن پالانىنىڭ ئوغلى دەپ راستچىل ئەلنىڭ رىزقىنى يېمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا ھۈنەر ئۆگىتىمەن. ئەگەر ئۇلار ھاجەتمەن بولسا كەسىپ، ھۈنەر قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ، باشقىلاردىن تەمە قىلمايدۇ.

ئابدۇللا مەغرىبىي تۇرسىنادا ۋاپات بولدى ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى.

**ئەبۇ ئىسھاق شەھرىيار ھەققىدىكى بايانلار**

ئىخلاسمەن ئالىملارنىڭ شامى، ھەرەمنىڭ خاس خىزمەتچىسى ئەبۇ ئىسھاق شەھرىيارى — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — ئۆز ۋاقتىنىڭ يېگانىسى ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئىخلاسمەن ۋە پاراسەتلىك ئىدى.

نەقىل قىلىنىدۇكى، بەزى كىشىلەر باركى ئەللىك يىل مىسۋاك ئىشلىتىدۇ ـ يۇ، ساۋاب تاپالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار سۈننەت ئۈچۈن ئىش كۆرۈش ئەمەس، بەلكى چىشىنى ئاقارتىشنى نىيەت قىلغان.

نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر دانىشمەن كىشى بار ئىدى، ئۇ بىر كۈنى ئەبۇ ئىسھاقنىڭ مەجلىسىگە داخىل بولدى. مەجلىس تۈگىگەندە ئۇ قوپۇپ ئەبۇ ئىسھاقنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ دېدى:

— ئەي بۇزرۇكۋار، سۆھبىتىڭىزدە ئولتۇرۇپ خىيالىمغا «مېنىڭ ئەمەلىم شەيخنىڭكىدىن زىيادە. مەن رىزىق ـ روزىنى رەنج ـ مۇشەققەت بىلەن ھاسىل قىلىمەن، ئەمما شەيخنىڭ خەلقتىن ئالغان مال ـ دۇنياسى كۆپتۇر» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ تۇراتتىم، سىز دەرھال شامدانلارغا قاراپ بۇ سۆزلەرنى دېدىڭىز:

باغ بىلەن سۇ ناھايىتى قىزغىن بەس ـ مۇنازىرە قىپتۇ. سۇ دەپتۇ:

— مەن سەندىن نەچچە دەرىجە ئەزىز تۇرسام، نېمىشقا سەن مەندىن يۇقىرى بولىسەن.

باغ دەپتۇ:

— مېنىڭ سەندىن يۇقىرى بولۇشۇم شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مەن رەنج تارتقان ۋە مۇشەققەتلەر چەككەن. تېرىغۇچە تۈپراقتا مىلىشىپ ياتتىم؛ ئورۇغۇچە تىغلار بېشىمغا تەگدى؛ ھايۋانلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا پايمال

بولدۇم: مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئاتايمەن. ئۆزۈم كۆيسەممۇ، باشقىلارغا سايە بېرىمەن. سەندە بۇ ئىشلاردىن ھېچ قايسىسى يوق. بۇ جەھەتتىن مەن سەندىن يۇقىرى تۇرىمەن، — دەپتۇ.

ئەبۇ ئىسھاق مۇنداق دېگەن:

«بۇرادەر، ياخشى كىشىلەرنى ئەزىز بىل. ياخشى كىشىلەرنى پەس كۆرۈشتىن ئارتۇق گۇناھ بولماس. جاپانىڭ تېگى راھەتتۇر. كىشى جاپا چەكسە، خارلىق كۆرسە روھى تاۋلىنىدۇ.»

نەقىل قىلىنىدۇكى، ئەبۇ ئىسھاق ۋاپات بولۇش ۋاقتىدا نەسىھەت قىلىپ ئېيتتىكى:

— مەن توغرا يولغا باشلىغان كىشىلەرنىڭ ئىسمىلىرىنى خاتىرىلىگەنىدىم، ئۇلارنىڭ ئايالىلىرىمۇ ئەرلىرىنىڭ تەسىرىدە توغرا يولغا ماڭدى. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى خاتىرىلىۋالدىم. سىلەر مەن ئۆلگەندە شۇ خاتىرىنى مەن بىلەن بىللە دەپنە قىلىڭلار. ئۇلار بىلەن سۆھبەتتە بولىمەن.

ئەبۇ ئىسھاق ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنى ۋەسىيىتى بويىچە دەپنە قىلدى.

### ھاتەم ئاسىم ھەققىدىكى بايانلار

زامانىسىنىڭ زاھىتى، تەقۋادارلارنىڭ يېگانىسى ھاتەم ئاسىم — ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولغاي — بەلخ ئۇلۇغلىرىدىن ئىدى. ئۇ خۇراساندا چوڭ بولغانىدى. ئۇ تەقۋادارلىقتا، رىيازەتتە، ئەدەپ ـ ئەخلاقتا ۋە ئىخلاسمەنلىكتە ۋايىغا يەتكەن كىشى ئىدى. توغرا سۆزسىز ۋە ئىخلاسسىز قەدەم باسمايتتى.

جۇنەيد ھاتەم توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «زامان ئەھلىنىڭ سېخىيسى، راستچىلى ھاتەم ئاسىمدۇر.»

بىر كۈنى ھاتەم يارەنلىرىگە دېدىكىم:

— ئەگەر خالايىق سىلەردىن «ھاتەمدىن نېمە ئۆگىنىسىلەر؟» دەپ سورىسا، نېمە دەيسىلەر؟

يارەنلەر دېدىكىم:

— ھاتەمدىن ئىلىم ئۆگىنىمىز دەيمىز.

— ئەگەردە كىشىلەر «ھاتەمنىڭ ئىلمى يوق بولسا، نېمە ئۆگىنىسىلەر» دېسىچۇ؟

يارەنلەر دېدىلەركىم:

— مۇنداق ئىككى ئىشنى ئۆگىنىمىز دەيمىز: يەنى بىرسى، قول ـ ئىلكىمىزدە بولغان نەرسىدىن خۇش بولۇش ۋە ئۇنىڭغا قانائەت قىلىش؛ يەنە بىرسى، كىشىلەرنىڭ قول ـ ئىلكىدىكى نەرسىگە تەمە قىلماسلىق.

ھاتەم كىشىلەرگە ناھايىتى مېھىر ـ شەپقەت كۆرسەتتى ۋە ئۇلارغا سېخىيلىق قىلاتتى. بىركۈنى بىر خوتۇن كىشى مەسىلە سورىغىلى ھاتەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرغاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن يەل چىقىپ كەتتى.

ھاتەم دېدى:

— ئالدىغاراق كېلىپ يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىگىن، قۇلىقىم ئېغىر، پەس ئاۋازدا سۆزلىسەڭ ئاڭلىيالمايمەن.

ئۇ خوتۇن يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىدى. ئەسلىدە ھاتەم ئۇ خوتۇننى خىجالەت بولمىسۇن دەپ يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىگىن، بولمىسا ئاڭلىيالمايمەن دېگەنىدى. ھاتەم ئۇ خوتۇننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ مەسىلىسىگە جاۋاب بەردى. ھاتەم تاكى ئۇ خوتۇن ئالەمدىن ئۆتكۈچە ساغرو بولۇپ ئۆتتى. ھاتەم ئون بەش يىلدىن كېيىن ئۇ خوتۇن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئاندىن باشقىلارنى پەس ئاۋازدا سۆزلەتكۈزىدىغان بولدى. مۇشۇ سەۋەبلىك ئۇ ھاتەم ئاسىم دەپ ئاتالدى. ئاسىم دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ساغرو» ئىدى.

نەقىل قىلىنىدۇكى، ھاتەم بىر كۈنى مەجلىستە سۆزلەۋېتىپ «بۈگۈن بىر كىشى بۇ مەجلىستە گۇناھكاردۇر، ئۇ كىشى گۇناھلىرىدىن پاك قىلىنغاي» دېدى.

بىر كىشى بار ئىدى، ئۇ كىشى ھەمىشە كېپەن ئوغۇرلايتتى. ئۇ كۆپلىگەن گۆرلەرنى ئېچىپ كېپەن ئوغۇرلىغانىدى. ئۇ كىشىمۇ بۇ مەجلىستە بار ئىدى. تۈن نىسپىي بولغاندا ئۇ كىشى ئادىتى بويىچە كېپەن ئوغۇرلىغىلى بىر گۆرنىڭ تۆپىسىگە باردى ھەمدە گۆرنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. شۇ چاغدا گۆردىن:

— سېنى غەزىپىم تۇتماسمۇ، تۈنۈگۈنلا ھاتەم ئاسىم مەجلىستە سېنىڭ گۇناھىڭنى تىلىگەنىدى. بۈگۈن يەنە بۇ ئىشقا مەشغۇل بوپسەن، — دېگەن ئاۋاز كەلدى.

كېپەن ئوغرىسى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۆرۈلۈپياندى ۋە ھاتەمنىڭ قېشىغا بېرىپ بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ گاناھلىرىغا توۋا قىلدى.

سەدىبىن رازى ھاتەم ھەققىدە ئېيتىدۇكى: نەچچە يىل ھاتەمگە شاگىرتلىق قىلدىم، ئۇنىڭ ئاچچىقلانغىنىنى كۆرمىدىم.

ھاتەم بىر كۈنى بازاردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر كىشىنىڭ شاگىرتىنى تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ كىشى ھاتەمگە:

— نەچچە ۋاقىت بولدى، مېنىڭ مېلىمنى ئېلىپ پۇلىنى بەرمىدى، — دېدى.

ھاتەم ئۇنىڭغا:

— ئەي يىگىت، سەۋر قىلىڭ، پۇلىڭىزنى بەرسۇن، — دېدى.

ئۇ كىشى:

— سەۋر قىلالمايمەن، پۇلۇمنى ھازىرلا ئالىمەن، — دېدى.

ھاتەم ئىشنى ياخشىلىقچە بىرتەرەپ قىلىشقا ئۇندىدى. ئەمما ئۇ كىشى ئۇنىمىدى، قىلغان سۆزلەر كار قىلمىدى. ھاتەمنىڭ ئاچچىقى كەلدى ھەمدە يېپىنچىسىنى يەرگە ئۇردى، ئالتۇنلار يەرگە چېچىلدى.

ھاتەم ئۇ كىشىگە:

-ئاگاھ بول، ئالتۇنۇڭنى ئال، ئەمما ئۆز ھەققىڭدىن زىيادە ئالما. ئەگەر زىيادە ئالساڭ قولۇڭ قۇرۇر، — دېدى.

ئۇ كىشى يەرگە چېچىلغان ئالتۇنلاردىن ھەققىگە تۇشلۇق تېرىپ ئالدى، ئەمما ئۇ سەۋر قىلماي ئالتۇنغا يەنە قول ئۇزارتتى، قولى دەرھال قۇرىدى.

نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر كىشى ھاتەمنى مېھمان قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

ھاتەم دېدى:

— كىشىگە مېھمان بولۇپ بېرىش ئادەت ئەمەس.

ئۇ كىشى تولا تەكلىپ قىلىپ ھاتەمنى تەڭلىكتە قويدى.

ھاتەم دېدى:

— ماقۇل، باراي. ئەمما ئۈچ ئىشنى قوبۇل قىلىسەن. بىرىنچىسى، قەيەرنى لايىق كۆرسەم شۇ جايدا ئولتۇرىمەن؛ ئىككىنچىسى، كۆڭلۈم تارتقاننى يەيمەن؛ ئۈچىنچىسى، مېنىڭ خاھىشىم بويىچە ئىش قىلىسەن.

ئۇ كىشى ھاتەمگە ماقۇل بولدى. ھاتەم ئۇ كىشى بىلەن تاماققا باردى ۋە ئاشخانىغا كىرىپ سۇپىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى.

ئۇ كىشى ھاتەمگە:

— بۇ جاي سەن ئولتۇرىدىغان جاي ئەمەس، — دېدى.

ھاتەم ئۇنىڭغا:

— مەن ساڭا قەيەرنى لايىق كۆرسەم شۇ جايدا ئولتۇرىمەن، دېگەنىدىم، — دېدى.

داستىخان كەلتۈرۈلدى. ھاتەم قويىنىدىن بىر ئارپا ناننى چىقىرىپ يەپ ئولتۇردى.

ئۇ كىشى ھاتەمگە:

— بۇ تائامدىن بىر - ئىككى لوقما يېسىڭىز ياخشى بولاتتى، — دېدى.

ھاتەم ئۇنىڭغا:

— ساڭا كۆڭلۈم خالىغاننى يەيمەن دېگەنىدىم، — دېدى.

ھاتەم تائام يەپ بولۇپ:

— ئەمدى تۆمۈر ساپايىنى ئوتقا سېلىپ قىزدۇرۇپ ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى.

كىشىلەر تۆمۈرنى قىزىتىپ كەلتۈرۈپ ئوتتەر يولدا قويىدى.

ھاتەم ئورنىدىن قوپۇپ ساپايە قېشىغا بېرىپ «بىر ئارپا ناننى يېدىم» دېدى ھەمدە ساپايىنى دەسسەپ ئۆتتى. ئاندىن كېيىن ئۇ كىشىلەرگە:

— ھەر نەرسىنىڭ سورىقى باردۇر. مېھماندارچىلىقتا يېگىنىڭىزنىڭ ھېسابى باردۇر، — دېدى.

نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى بىر كىشى ھاتەم ئاسمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ناھايىتى كۆپ پۇل ۋە مېلىم بار. ھەممىنى سىز ۋە يارەنلىرىڭىزگە ئاتاي دېگەنىدىم، قوبۇل قىلارسىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ھاتەم ئۇ كىشىگە:

— قوبۇل قىلغۇمغۇ بار، ئەمما سەن ئۆلگەندىن كېيىن، «ئەي رىزىق بەرگۈچى، مېنىڭ يارەنلىرىمگە رىزىق بەرگۈچى ئۆلدى» دېيىشتىن قورقىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇ كىشى سورىدى:

— سىزگە ئوزۇق توڭلۇكتىنمۇ چۈشۈرمۇ؟

ھاتەم جاۋاب بېرىپ دېدىكى:

— ئانامنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىمدا ئوزۇق توڭلۇكتىن چۈشەتتى.

ئۇ كىشى سورىدى:

— رىزىق ئاۋۋال سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا چۈشۈرمۇ؟

ھاتەم جاۋاب بېرىپ دېدىكى:

— ئىككى يىل بۆشۈكتە ياتتىم، شۇ چاغدا ئاغزىمغا چۈشەتتى.

ئۇ كىشى سورىدى:

— تېرىماي ئورۇيدىغان كىشىنى كۆردىڭىزمۇ؟

ھاتەم جاۋاب بېرىپ دېدىكى:

— چېچىڭنى تېرىمىغانىدىڭ، ئەمما ئورۇيسەن.

ئۇ كىشى سورىدى:

— ھاۋادا ئۇچسىڭىزمۇ رىزىق كېلەرمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى

ھاتەم جاۋاب بېرىپ دېدىكى:

— ئۇچار قۇشقا ئوخشاش ھاۋادا ئۇچسام رىزىق كېلەر.

ئۇ كىشى سورىدى:

— سۇغا چۆكۈپ رىزىق تىلىسە بولارمۇ؟

ھاتەم جاۋاب بېرىپ دېدىكى:

— بېلىق رىزىقىنى سۇ ئىچىدىن تېپىپ يەيدۇ، ماڭىمۇ سۇ ئىچىدىن يەتسە ئەجەب ئەمەس.

ئۇ كىشى بېرىلگەن جاۋابلارغا قايىل بولدى ۋە تۇۋا قىلدى.

نەقىل قىلىنىدۇكى، ھاتەم ئاسىم ئەھمەد ھەنبەلدىن سورىدى:

— رىزىق ئىزدەمسىز؟

ئەھمەد دېدىكى:

— ئىزدەيمەن.

ھاتەم دېدىكى:

— رىزىقنى لازىم بولۇشتىن بۇرۇن ئىزدەمسىز ياكى لازىم بولغاندىن كېيىن ئىزدەمسىز؟

ئەھمەد ھەنبەل ئەندىشىگە چۆشتى ۋە كۆڭلىدە: «ئەگەر لازىم بولۇشتىن بۇرۇن دېسەم، ‹نېمىشقا ئۆمرۈڭنى زايە قىلىسەن؟› دەيدۇ، ئەگەر لازىم بولغاندىن كېيىن ئىزدەيمەن دېسەم، ‹ھازىر بولىدىغان ۋە كېلىدىغان نەرسە ئۈچۈن ئۆزۈڭنى غەپلەتكە ساپسەن دەيدۇ›» دېگەنلەرنى ئويلاپ ھېچنېمە دېمىدى.

كاتىپلاردىن بىرى بۇنىڭ جاۋابىنى مۇنداق ئېيتقانىكەن: ئەھمەد ھەنبەل مۇنداق دېسە بولاتتى، يەنى رىزىق ئىزدەش پەرزمۇ، ۋاجىپمۇ ۋە سۈننەتمۇ ئەمەس. شۇنداق ئىكەن ئۇنى نېمىشقا ئىزدەيمىز.

لەززەت ئۈچ قىسىم بولىدۇ، يەنى تائام يېيىشنىڭ، سۆزلەشنىڭ ۋە كۆرۈش، قاراشنىڭ لەززىتى. ئەمما يېيىشتە شۇ رىزىقنى ئاتا قىلغۇچىنى يادىڭغا كەلتۈر؛ سۆزلىگەندە راستچىل بول؛ كۆرۈش ۋە قاراشتا نەسىھەتنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت.

تۆت ئىشتا ئۆزۈڭنى ياخشى ساقلا: ياخشى ئىشلارنى قىلغاندا ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلمىغىن؛ ئال-ساڭ، كىشىدىن بىر نەرسە تەمە قىلمىغىن؛ بەرسەڭ، مىننەت قىلمىغىن. دۇنيا ساقلىساڭ، بېخىللىقتىن يىراق بول.

مۇناپىق شۇنداق بولىدۇكى، ھېرىس بىلەن مال - دۇنيانى قولغا كەلتۈرىدۇ ۋە شەك بىلەن نەرسە-لەرنى ئالمايدۇ. مال - مۈلكىنى يامان ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ.

مۆمىن شۇنداق بولىدۇكى، ھەرنەرسە ئالسا رىغبەت ۋە قورقۇنچ بىلەن ئالىدۇ ۋە ساقلاشنى ئۆزگە ئاۋارىچىلىك بىلىدۇ. مال - مۈلكىنى كىشىلەرگە خالىسانە بېرىدۇ.

ئالدىراش شەيتاننىڭ ئىشىدۇر.

بەش ئىشتا ئالدىرىغانلارغا رەھىم - شەپقەت ياغار، يەنى مېھمانغا داستىخان سېلىش؛ ئۆلۈكنى كې-پەنگە ئېلىپ دەپنە قىلىش؛ قىزنى ياتلىق قىلىش؛ قەرزنى ئادا قىلىش؛ گۇناھ ئۆتكۈزسە تۇۋا قىلىش.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى يەكەن ناھىيەلىك 6 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى «يىغلاڭغۇ بودىساتۋانىڭ ھېكايىسى»*

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رازىيە نۇرى

17 ـ بەت

275. ašnuqïsïnda yeg bütün tükäl qïlyuluq küč küsünüm bar ärür

276. 1 apam birök [ol] küsüš kärgäk ärsär berü täginäyin. ” tep.

bodisatv sözlädi:

276) بۇرۇنقىدەك ساق ـ سالامەت قىلىشقا كۈچۈم يېتىدۇ. ئەگەر بۇ ئارزۇيىڭىز بولسا شۇنى قاندۇراي.

بودساتۋا سۆزلىدى:

91

277. “ol išig m(ä)n ymä ök uyay m(ä)n bütürgäli.

278. oŋayq(ï)ya iš üčün nä kärgäk sinitä qut küsüš qolmaq?

ontun sïŋarqï burhanlarqa ötünüp satiyaupiyačan qïlu sözläsär m(ä)n

279. ozaqïsïnta yeg bolyay. ” tep.

hormuzta t(ä)ŋri sözlädi:

277) ــــ بۇ ئىشنى مەن ئۆزۈممۇ قىلالايمەن.
278) ئوڭايغىنا ئىشنى ساڭا ئىلتىجا قىلىش نە كېرەك؟
ئون تەرەپتىكى بۇرخانلارغا ئۆتۈنسەم
بۇرۇنقىدەك ساق بولغاي!
279) خورمۇزتا تەڭرى سۆزلىدى:

92

“antaγ ol, antaγ ol, uluγ ïdoq tïnl(ï)γ-a!

280. alqu bodisatvlarnïŋ čïn kertü sözlämäki üzä bütmägülük nä iš bolγay?

281. amtï siziŋ bo ätözüŋüz mäniŋ uγurumta baš balïγ boldï.

282. anïn öṭünür m(ä)n, sïγuru yarlïqazun bo mäniŋ 283 öṭügk(i)yämin." tep.

bodisatv sözlädi:

284. antaγ ärsär, kavšike-ya, säniŋ tapïŋča bolzun. " tep.

ötrü hormuz-285. ta t(ä)ŋri t(ä)ŋrilärniŋ küčin küsünin

körkiṭip bodisatvnïŋ ätözin- 286. täki bašlarïn büṭürup bunqï täg qïlïp ayančaŋ

köŋülin adaqïn 287. beš mantal yinčürü töpün yükünü oŋarlayu üč yolï

tägzinip ätözin 288. urunčaq tuṭuzup t(ä)ŋri yeriŋä yanïp bardï.

ـــ شۇنداقتۇر! شۇنداقتۇر! ئۇلۇغ ئىنسان.
بارچە بۇدساتۋالارنىڭ چىن ئىخلاس بىلەن سۆزلىسىمۇ پۈتمەيدىغان قانداق ئىش بار؟
281) ھازىر سىزنىڭ بەدىنىڭىز مېنىڭ سەۋەبىمدىن زەخىملەندى.
282) شۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن ئۆتۈنىمەن! مېنىڭ
283) بۇ ئۆتۈنۈشۈمنى قوبۇل قىلسىڭىز!
بۇدساتۋا سۆزلىدى:
284) ـــ ئۇنداق بولسا، ھەي كاۋشىكي①، سېنىڭ ئارزۇيۇڭچە بولسۇن. بۇ چاغدا
285) خورمۇزتا تەڭرى تەڭرىلەرنىڭ كۈچ ـ كارامىتىنى كۆرسىتىپ، بۇدساتۋانىڭ بەدىنىدىكى
286) يارىلارنى ساقايتىپ بۇرۇنقىدەك قىلىپ ئىززەتلىك كۆڭلى بىلەن
287) بېشىنى يەرگە يەتكۈزۈپ يۈكۈنۈپ تەزىم قىلىپ، ئوڭ تەرەپكە ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ ئۆزىنىڭ تېنىنى
288) رەنگە قويۇپ تەڭرى يېرىگە يېنىپ باردى.

93

289. anï körüp bayaγut qïzïnïŋ

290. ayančaŋ köŋüli taqï artoqraq üklip asïlïp inčä tep tedi:

291. "ayaγuluq bahšïm, mini irinčkämiš üčün ävimkä

yarlïqazun.

289) بۇنى كۆرۈپ باينىڭ قىزىنىڭ ساداپىرا ئۇرۇدىتا بۇدساتۋاغا
290) ئىززەت ـ ئىكرامى تېخىمۇ ئېشىپ مۇنداق دېدى:
291) ـــ ھۆرمەتلىك ئۇستازىم، ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ ئۆيۈمگە قەدەم تەشرىپ قىلغان بولسىلا!

18 ـ بەت

292. alqu kärgäklämiščä tapïγ uduγ yeviglärin tüẓü tükäl

beräyin. " tep.

ol üdün saḍapira urudita bodisatv eyin bolup

293 aniŋ savïŋa edärišü birgärü bayaγutnuŋ

äviŋä tägip qapïγ taš-

294. ïnda turdï. bayaγut qïzï ičtin kirip ögiŋä

qaŋïŋa inčä tep

295. öṭünti:

292) مەن ھۆرمەت ـ ئىكرامغا كېرەكلىك ئەشيالارنى پۈتۈنلەي بېرەي، ـــ دېدى.
بۇ چاغدا سادايىرا ئۇرۇدىتا بودساتۋا
293) قىزنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ، قىزغا ئەگىشىپ بايىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىشىكىنىڭ سىرتىدا
294) تۇردى. بايىنىڭ قىزى ئىچىگە كىرىپ ئاتا ـ ئانىسىغا مۇنداق دەپ 295) ئۆتۈندى:

94

296. “aya küsüšüm ol maŋa berü yarlïqazunlar ävtäki barïnča

ad̩ïl äsri öŋi öŋi hwa čäčäklärig,

297. altun kümüš ärdini yinčütä ulaṭï äd tavarlarïγ,

298. ančulayu oq pra kušaṭri čoŋ sanq(a)y tuγ šiliplarïγ.

296) ـــ ئۆيدە بار بارلىق
ياخشى تۈرلۈك رەڭلىك نىلۇپەر گۈللىرىنى،
297) ئالتۇن، كۈمۈش، گۆھەر، مەرۋايىت قاتارلىق بايلىقلارنى
298) ھەمدە تۇغ، بايراق، ئەلەم، پەردە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا بېرىڭلار.

95

299. amtï mäniŋ tapïm ol beš yüz tapïγčï qïzlarïm birlä

alqu tapïγ uduγ yeväglärin tuṭup köṭürüp

300. ayaγuluq bahšïm sad̩apira urudita <u>bodisatvï</u>γ edärü s(u)ganda

301. atl(ï)γ balïqqa barïp

302. aγïr ayaγ qïlγuluq darma ud̩gati <u>bodisatv</u>qa ulatï piratya p(a)ramit

sudurqa.”tep.

299) مېنىڭ ئىستىكىم شۇكى، بەش يۈز خىزمەتچى قىزلىرىم بىلەن بىللە
ھەممە ھۆرمەت ـ ئىكرامغا كېتىدىغان ئەشيالارنى ئېلىپ كۆتۈرۈپ
300) ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستازىم سادايىرا ئۇرۇدىتا بودساتۋاغا ئەگىشىپ سۇگاندا
301) ئاتلىق شەھەرگە بېرىپ،
302) ھۆرمەتكە سازاۋەر دارما ئۇدگاتى بودساتۋاغا ۋە پىراتيا پارامىت سۇدۇرغا ھۆرمەت ـ ئىكرام قىلاي...*

96

anï äšidip ögi qaŋï

306. artoqraq ürküp bäliŋläp qïzïŋa sözlädilär:

“amtï ol <u>bodisatv</u> qayuta ol,

* ـــ 303 ـ قۇردىن 305 ـ قۇرغىچە مەزمۇن تەكرارلانغان.

anïŋ küsüši ymä nägü ol?” tep.

307. qïzï tep tedi:

ئاتا ـ ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ،
306) ناھايىتىمۇ قاتتىق ئۈركۈپ قورقۇپ قىزىغا مۇنداق دېدى:
ــ ئۇ بۇدساتۋا كىم، ئۇنىڭ ئارزۇسى يەنە نېمە؟ ــ دېدى.
307) قىزى سۆزلىدى:

97

“uqmïš bolzunlar, ögüm qaŋïm-a,

ــ سىلەر ئاڭلاڭلار، ئەي ئاتا ـ ئانىلىرىم،

19 ـ بەت

308. uluγ bahšïm amtï qapïγ tašïnda [ärür].

on küč küsün<lüg> burhan bolup alquqa asïγ qïlγuluq

309. una munṭaγ osoγluγ anïŋ küsüši ol.” tep ol bodisatvnïŋ nätäg yaŋlïγ

qïlmïš čatik-310 l(ï)γ išlärin tüẓü tükäl uqïṭu sözlädi.

anï äšidip qïznïŋ ögi 311 qaŋï

308) بۇ ئۇلۇغ ئۇستازىم ھازىر ئىشىك سىرتىدا تۇرىدۇ. ئۇن خىل كارامەتلىك بۇرخان بولۇپ ھەمـ-
مىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش
309) ئۇنىڭ ئارزۇسىدۇر، ــ دەپ بۇدساتۋانىڭ قانداق ئىش قىلغانلىقىنى،
310) جاتاكالىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاتا ـ ئانىسىغا چۈشەندۈرۈپ سۆزلىدى.
بۇنى ئاڭلاپ ئاتا ـ

98

aḍïnïp muŋadïp inčä tep sözlädilär:

312. “amtï sän saḍapira urudita bodisatvïγ edärü barïp

313. aγïr ayaγ qïlïp darma uḍgati bodisatvqa

314. 7 arïš arïγ piratya p(a)ramit suduruγ äšidgäli küsäsär sän,

ئانىسى ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم خۇشال بولۇپ مۇنداق دېدى:
312) ــ ئەمدى سەن ساداپىرا ئۇرۇدىتا بۇدساتۋاغا ئەگىشىپ بېرىپ
313) دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋاغا ھۆرمەت ـ ئىكرام قىلىپ،
314) پاك ۋە ساپ پىراتيا پارامىت سۇدۇرنى ئاڭلاشنى خالىساڭ،

99

313. aγïr ayaγ qïlïp darma uḍgati bodisatvqa

314. 7 arïš arïγ piratya p(a)ramit suduruγ äšidgäli küsäsär sän,

amtï säniŋ bo ädgülüg išinkä

alqu uyrïn biz eyin ögirälim!

315. amraq qïzïmïz-a! sän yänä taplayur mu sän

316. 9 ataŋ anaŋ biz ikigü ök birlä baryumuznï?" tep.

bayayut qïzï sözlädi:

سېنىڭ بۇ ساۋابلىق ئىشىڭغا بىز ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قوشۇلىمىز.
315) ـ 316) ھەي ئامراق قىزىمىز، ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ ئىككىمىز بىللە بارساق بۇنى خالامسەنمۇ؟
بايىنىڭ قىزى سۆزلىدى:

100

317. "taštïnqï qayu ärsär yat kišilär ädgülüg išiŋä ymä

taplamaz taqï oq tïdïy qïlyalï;

318. taqï nä ayïtmïš kärgäk yänä ögli qaŋlï ïdoqlarïmqa 319 asïy bolyu ärsär,

taplayur sävär m(ä)n antay bolzun." tep.

317) ــ سىرتتىكى يات ئادەملەر بولسىمۇ مەن ئۇلارنىڭ ساۋابلىق ئىشىغا
توسالغۇ بولۇشنى خالىمايمەن.
318) ئۆزۈمنىڭ دادام ۋە ئانام، بۈزرۈكۋارلىرىمغا
319) پايدا بولىدىغان ئىشقا مەن نېمە دەيتتىم! ئەلۋەتتە خالايمەن، شۇنداق بولسۇن.

101

320. anta ötrü ol qïznïŋ aṭasï bayayut

321. ariṭï učuzlamadačï sadapira urudita bodisatvqa käntü özläriŋä qïzïŋa

322. ančulayu oq beš yüz tapïyčï qïzlarïŋa ymä ärdinilig qaŋlïlar anuṭup

323. altun kümüš yinčü mončuqta ulaṭï ärdinilärig

320) شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى
321) ھۆرمەتلىك ساداپىرا ئۇرۇدىتا بودساتۋاغا، ئۆزلىرىگە ۋە قىزىغا
322) ھەممە بەش يۈز خىزمەتچى قىزلارغا گۆھەر بېسىلغان ھارۋىلارنى تەييار قىلىپ،
323) ئالتۇن ـ كۈمۈش، مەرۋايىت، مونچاق قاتارلىق گۆھەرلەرنى،

20 ـ بەت

324. adïn ymä pra kušatri tuy yumẓuy bay bïnḍavïr aš ičgütä ulatï

325. alqu kärgäkligčä tapïy uduy yeväglärin köṭürtüp

324) بۇنىڭدىن باشقا ئەلەم، بايراق، تۇغ، پەردە، يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق

325) ھۆرمەت ـ ئىكرامغا كېتەرلىك ئەشيالارنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرۈپ،

102

326. yarlïqančučï köŋüllüg bodisatvqa ärdinilig qaŋlïqa
kölündürüp
yarašï ädgü tapïγ uduγlar üzä tapïnu udunu
327. yapa qamaγ terin quvraγ tägirmiläyü qavẓap
328. yanïγsïz köŋülin öŋdün yïŋaq yorïyu bašladïlar.
anča anča yorïyu s(u)ganda atl(ï)γ balïqqa
329. tägip kördilär ol balïqnïŋ
sudaršan känttä taqï yegiräk
330. suqančïγ ärdinilär üzä eṭilmiš yaratïlmïšïn,
balïq ičin-
331. täki bodunïnïŋ boqunïnïŋ bay mäŋilig köp qalïnïn.
332. yänä ymä kördilär

326) مېھرىبان كۆڭۈللۈك بودساتۋانى گۆھەر ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ،
327) ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ھەممىسى بودساتۋانى ئوراپ،
328) يانمايدىغان كۆڭلى بىلەن شەرققە قاراپ يۈرۈشكە باشلىدى.
(ئۇلار) يۈرۈپ ـ يۈرۈپ سۇگاندا ئاتلىق شەھەرگە
يېتىپ بېرىپ، بۇ شەھەرنىڭ
سۇدارشان شەھىرىدىنمۇ ياخشىراق،
330) ئېسىل گۆھەرلەر بىلەن زىننەتلىنىپ سېلىنغانلىقىنى، شەھەر ئىچىدىكى
331) خەلقىنىڭ باي، خۇشال ۋە كۆپ ئىكەنلىكىنى
332) كۆردى.

103

öŋi öŋi körklä yemišliklärdä yullarda
333. ödräk qaz tuṭi čivačivakta ulaṭï qušq(ï)yalarnïŋ
334. öŋisig äd<gü>k(i)yä ünläri üzä äṭä saryayu
335. üküšläšïp toylašïp učmïšlarïn.
taqï ymä kördilär

ئۇلار يەنە تۈرلۈك ـ تۈمەن گۈزەل مېۋىلىك باغلاردا، ئۆستەڭلەردە
333) ئۆردەك، غاز، تۇتى، قىرغاۋۇل قاتارلىق قۇشلارنىڭ
334) گۈزەل ئاۋازلىرى بىلەن سايرىشىپ،
335) توپلىشىپ ئۇچۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

يەنە كۆردىلەركى،

104

darma uḍgati ïdoq <u>bodisatv</u>nïŋ

336. taŋlančïɣ körklä arslanlïɣ oron üzäsindä <u>olorup</u> <u>uluɣ</u>

quvraɣqa

337. taypaž    aki tegmä m(a)ha piratya p(a)ramit suduruɣ

338. tatɣanduru suqsïnturu nomlamïšïn.

دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋا

336) ئادەمنى لال قالدۇرغۇدەك گۈزەل ئارسلانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ئۇلۇغ جامائەتكە

337) ـ 338) ماخا بىلگە بىلىگ پارامىت سۇدۇرنى زوق ـ شوخ بىلەن سۆزلەۋاتاتتى.

21 ـ بەت

339. qoɣšamaqsïz <u>qatïɣlanmaq</u>lïɣ sadapira urudita <u>bodisatv</u>

340. quruɣ arïɣ bulɣuluqsuz nomuɣ nomladačï darma uḍgati

<u>bodisatv</u>ïɣ <u>kör</u>üp

341. qop marïmlarï ök ögrünč üzä tolup tašïp

qudï enip olorur qaŋlïsïndïn

339) بوشاشماستىن تىرىشىدىغان سادايىرا ئۇرۇدىتا بۇدساتۋا

340) قۇرۇق، پاكىز، ئاپىرىدە بولمايدىغان نومنى سۆزلىگۈچى دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋانى كۆرۈپ،

341) ۋۇجۇدى خۇشاللىققا تولۇپ، ئولتۇرغان هارۋىسىدىن چۈشۈپ

105

342. baštïnqï yeg <u>kertgünč</u> üzä kädmiš tonïn uzq(ï)ya eṭinip

343. bayaɣut kiši qïzï bašlap tapïɣčïlarï uduɣčïlarï birlä

344. barïnča tapïɣ uduɣ yeviglärin köṭürüp!

345. barïr ärkän darma uḍgati <u>bodisatv</u>qa

342) ئالدى بىلەن تونىنى ئەپچىللىك بىلەن تۈزەشتۈرۈپ

343) باينىڭ قىزىنى باشلاپ خىزمەتچىلىرى بىلەن بىللە

344) هۆرمەت ـ ئىكرامغا كېتىدىغان ئەشيالارنىڭ هەممىسىنى كۆتۈرۈپ

345) داراما ئۇدگاتى بۇدساتۋانىڭ قېشىغا ماڭغانىكەن.

106

anïŋ arasïnda yänä <u>kördi</u>lär yol yanïnda

346. aḍïl taŋïsuq öŋi öŋi ärdinilär üzä eṭiglig ärip

347. adroq <u>ärdini</u>lig qoŋraɣular baɣ bïndavïrlar asïɣlïɣ

salïnduruq qïzïl čïŋïraγ t'y'nklüg

348. aḍïnčïγ körklä bir kürekarïγ.

شۇ ۋاقىتتا ئۇ يەنە يول بويىدا
346) خىلمۇخىل گۆھەرلەر بىلەن زىننەتلەنگەن
347) ئېسىل گۆھەرلىك قوڭغۇراقلار، پەردىلەر ئېسىلغان، قىزىل كولدۇرمىلار ساڭگىلاپ تۇرغان
348) ئادەمنى لال قالدۇرغۇدەك بىر شىپاڭنى كۆردى.

107

törttin yïŋaq buluŋlarïnda birär birär

349. tünüg y(a)rutdačï ärdini mončuqlar salïnduruγluγ ärti.

350. törindä yänä bir ärdinilig kürekar ičindä

351. törtgil čambunat altun üẓäki oron ärti.

بۇ شىپاڭنىڭ تۆت تەرەپ بۇرجەكلىرىگە ناگان ـ ناگاندا
349) قاراڭغۇنى يورۇتقۇچى گۆھەر مونچاقلار ئېسىلغانىدى.
350) تۆرىدە يەنە بىر گۆھەرلىك شىپاڭنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا
351) ئالتۇندىن ياسالغان سۇپىلار بار بولۇپ،

108

qašïnčïγ körklä ol oron üzäsindä

352. qarqumi barčïn žüŋim üzäki

qat qat suq sunčuqlar yadïγlïγ töltäglig ärip

353. qavẓayu tägirmiläyü ärdinilig

qoŋraγular salïnduruγluγ.

354. qašïnčïγ körklä pra kušatri baγ bïnḍavïrlar käriglig

tarṭïγlïγ ärti.

ئاجايىپ گۈزەل بۇ سۇپىنىڭ ئۈستىگە
352) يىپەك، تاۋار ـ دۇردۇن قاتارلىقلاردىن تىكىلگەن
353) قات ـ قات كۆرپىلەر سېلىنغان، گۆھەر قوڭغۇراقلار ئايلاندۇرۇپ ئېسىۋېتىلگەن،
354) كارامەت گۈزەل تۇغ، ئەلەم، بايراق، پەردىلەر تارتىلغانىدى.



109

355. tört törṭgil körklä ol kürekarnïŋ tört buluŋlarïnda

356. tört öŋi ärdinilig kolularta

tü törlüg öŋi öŋi saṭïγsïz yïd yïparlarïγ

357. tün kün tï tutčï köyürürlär ärti.

355) بۇ گۈزەل شىپاگىنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا
356) تۆت خىل گۆھەردىن ياسالغان ئىسرىنقدانلاردا تۇرلۇك، خىلمۇخىل پۇراقلىق ئىپارلىق كۈجە-
لەر 357) كىچە ـ كۈندۈز كۆيدۈرۈلەتتى.

110

358. adïnčïγ körklä ol oron üzäsindä bir tört ärdinilig qamtsita

359. arïγ süzük čambunat altun yalpïrγ(a)qta vayduri ärdinig kinläp

360. anïŋ suv<ï> üzä taypažiki suduruγ bitip urmïš ärti.

358) ئاجايىپ گۈزەل بۇ سۇپىنىڭ ئۈستىدە تۆت گۆھەردىن ياسالغان بىر ساندۇقچا
359) پاكىز ۋە سۈزۈك ئالتۇن ياپراقلىرىغا ۋايدۇرى② گۆھىرى قويۇپ
360) ئۇنىڭ سۈيى بىلەن پىراتيا پارامىت نومنى يېزىپ باساتتى.

111

361. ol qamtsinïŋ yeti qat oronlarï

362. uluγ yarlïqančučï <köŋül>lüg ḍarma uḍgaṭi bodisatvnïŋ tamγasï üzä tamγalïγ ärti.

363. uṭrusïnda yänä äzrua hormuztata ulatï t(ä)ŋrilär

364. uẓaṭï tütsüg köyürüp hwa sačïp oyun äṭizip tapïnurlar ärti.

361) بۇ ساندۇقنىڭ يەتتە قات جايىدا
362) ئۇلۇغ مېھرىبان كۆڭۈللۈك دارما ئۇدگاتى بودساتۋانىڭ تامغىسى قويۇلغانىدى.
363) بۇنىڭ ئۇدۇلىدا يەنە ئازۇرا، خورمۇزتا قاتارلىق تەڭرىلەر
364) كۈجە كۆيدۈرۈپ، گۈل چېچىپ، ساز چېلىپ ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلدۈرەتتى.

112

365. ayaγqa tägimlig bodisatv bayaγut qïzï birlä

366. amtï kürekarnïŋ eṭigin körüp aḍïnu muŋadu hormuzta t(ä)ŋrikä ayïṭtïlar:

367. "amtï, kavšike-ya, siz bašïn t(ä)ŋrilär quvraγï nä üčün ayayu tapïnur sizlär ol kürekarqa?" tep.

368. hormuz<ta t(ä)ŋri> sözlädi:

365) ھۆرمەتكە سازاۋەر بودساتۋا باينىڭ قىزى بىلەن
366) بۇ شىپاگىنىڭ زىننەتلىنىشىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ خورمۇزتا تەڭرىدىن سورىدى:
367) ــ ھازىر، ھەي كاۋشىكې، سىز باشلىق تەڭرىلەر نېمە ئۈچۈن بۇ شىپاگىغا ھۆرمەت بىلەن

تېۋىنىسىلەر؟

368) خورمۇزتا تەڭرى سۆزلىدى:

113

"tözün bodisatv-a! ol kürekar ičindä

369. tüẓüni tuymïš burhanlarïγ uluγ bodisatvlarïγ

törütdäči tuγurdačï ögi ärsär,

370. tü törlüg ädgü nomlarnïŋ oronï uyasï

— ئېسىل بودساتۋا، بۇ شىپاڭنىڭ ئىچىدىكىسى

369) ھەقىقىي تۇيغۇغا ئېرىشكۈچى بۇرخانلارنى، بودساتۋالارنى تۆرەتكۈچى، ئاپىرىدە قىلدۇرغۇچى،

370) تۈرلۈك ياخشى نوملارنىڭ ئورنى، ئۇۋىسى،

23 ـ بەت

371. tüẓkärinčsiz ïdoq piratya p(a)ramit nom ärdini ärür.

371) ئەڭ ئۈستۈنكى ئۇلۇغ پىراتيا پارامىت نوم گۆھىرىدۇر.

114

birök kim qayu bodisatv bo nomča yorïsarlar

372. biligsiztä ulaṭï niẓvanïlarnïŋ tözsüz quruγïn bilip

373. bilgülük nomlar ad arṭmaqïn öpkä nizvanilar ad  arṭmaqï birlä üzüp

374. bilgä bilig p(a)ramitnïŋ ïntïn qïdïγïŋa tägirlär.

ئەگەر قايسى بودساتۋالار مۇشۇ نومچە ئىش قىلسا،

372) بىلىمسىزلىك قاتارلىق نىزۋانىلار③نىڭ يىلتىزسىز، قۇرۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ

373) غەزەپ قاتارلىق نىزۋانىلارنى بىلگۈلۈك نوملار بىلەن يوق قىلىپ،

374) بىلگە بىلىگ پارامىتنىڭ قارشى قىرغىقىغا يېتىدۇ.

115

arïš arïγ bo ïdoq nom ärdini

375. anï täg yeg adroq tüšlärig buldurur üčün,

376. anïn biz qamaγ t(ä)ŋrilär

aγïr ayaγ tapïγ qïlur biz" tep.

پاك ۋە ساپ بۇ نوم ئەردىنى

375) مۇشۇنداق ياخشى ساۋابلارغا ئېرىشتۈرگەنلىكتىن،

376) شۇڭا بىز بارلىق تەڭرىلەر بۇ نومغا ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلدۈرىمىز، — دېدى.

116

377. anï äšidip bodisatv ögirü sävinü inčä tep ayïtdï:

378. "amtïqï siz sözlägüči pratya p(a)ramit sudur qayu ol?

ay-a küsüšüm, t(ä)ŋrilär iligi-ya,

379. anï maŋa körkiṭü beriŋ!" tep.

hormuz<ta> t(ä)ŋri sözlädi:

(377) بۇنى ئاڭلاپ بۇدساتۋا خۇشاللىنىپ، سۆيۈنۈپ مۇنداق دەپ سورىدى:
(378) ـــ ھەي تەڭرىلەر پادشاھى، ھازىر سىز ئېيتقان پىراتيا پارامىت سۇدۇر نەدە؟
(379) ئۇنى ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭ.
خورمۇزتا تەڭرى سۆزلىدى:

117

380. "uluɣ är-a! ol nom ärdini ärsär

una amtï bo kür(e)kar ičindäki ärdinilig qamtsita ol.

381. uluɣ törlüg šopaɣ altunluɣ yalp(ï)rɣ(a)qta vayduri suvï

382. birlä bitiglig ärip

383. umuɣumuz ḍarma uḍgati bodisatvnïŋ tamɣasï üzä

vuŋluɣ tamɣalïɣ ärür.

umaɣay m(ä)n ačïp körkiṭgäli. " tep.

(380) ـــ ھەي، ئۇلۇغ ئەر، بۇ نوم گۆھىرى بولسا
ھازىر بۇ شىپاڭ ئىچىدىكى گۆھەر ساندۇقنىڭ ئىچىدە.
(381) تۈرلۈك ئالتۇن ياپرىقىدا ۋايدۇرى سۈيى بىلەن
(382) ھەل بېرىپ يېزىلغان بولۇپ،
(383) بىزنىڭ ئۈمىدىمىز دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋانىڭ تامغىسى بىلەن پېچەتلىنىپ تامغىلانغاندۇر.
مەن بۇنى ئېچىپ كۆرسىتەلمەيمەن.

118

384. anï äšidip saḍapira urudita bodisatv bayaɣut qïzï birlä

385. altun kümüš ärdini yinčü oyun bädiz hwa tütsügtä

ulaṭï

386. adroq adroq tapïɣ uduɣ yeviglärig

alqunï barča bölüp iki ülüš qïlïp

(384) بۇنى ئاڭلاپ سادايىرا ئۇرۇدىتا بۇدساتۋا باينىڭ قىزى بىلەن بىللە
(385) ئالتۇن، كۈمۈش، گۆھەر، مەرۋايىت، چالغۇ، رەسىم، گۈل، كۆجە قاتارلىق
(386) ئېسىل ھۆرمەت ـ ئىكرام ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئەشيالارنىڭ ھەممىسىنى ئىككىگە بۆلۈپ،
24 ـ بەت

387. bir ülüši üzä kürekar ičindäki bilgä bilig

p(a)ramitqa tapïɣ uduɣ qïlïp, yänä bir ülüšin

www.kitap.com كىتاب تورى

388. köṭürüp darma uḍgati bodisatvqa eltdilär.

(387 بىر بۆلىكى بىلەن شىپاڭ ئىچىدىكى بىلگە بىلىگ پارامىتقا ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلدۈرۈپ، يەنە بىر بۆلىكىنى

(388 كۆتۈرۈپ دارما ئۇدگاتى بودساتۋاغا ئېلىپ ماڭدى.

119

389. qačan anta tägdökdä körüp bodisatvnïŋ

qašïnčïɣ körklä arslanlïɣ oronta olormïšïn,

390. qamaɣ äsriŋü hwa tütsügtä ulaṭï tapïɣ uduɣ yevigläri üzä

391. qanïnčsïz köŋülin tapïɣ uduɣ qïldïlar.

(389 يېتىپ بارغاندا بودساتۋانىڭ ئاجايىپ گۈزەل ئارسلانلىق تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ،

(390 بارچە رەڭلىك گۈل، كۆجە قاتارلىقلار بىلەن

(391 تولۇق ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلدۈردى.

120

uluɣ yarlïqančučï köŋül<lüg> darma uḍgati bodisatv

392. olarnïŋ sačmïš hwalarïn, köyürmiš tütsüglärin

393. ol oq üdtä kök qalïq yüzindä öz töpösingä tuɣlar,

394. oqšatïnčsïz körklä ärdinilig kürekar ulatï kušatri birlä bälgürtdi.

ئۇلۇغ، مېھرىبان كۆڭۈللۈك دارما ئۇدگاتى بودساتۋا

(392 ئۇلارنىڭ چاچقان گۈللىرىنى، كۆيدۈرگەن كۆجىلىرىنى

(393 بۇ ۋاقىتتا ئاسمان يۈزىدە، ئۆزىنىڭ ئۈستىدە تۇغلار،

(394 ئوخشاتقۇسىز گۈزەل گۆھەرلىك شىپاڭلارغا، گۆھەرلىك كۈنلۈكلەرگە ئايلاندۇردى.

121

395. anï körüp saḍapira urudita bodisatv bayaɣut qïzï birlä

aḍïnu munḍadu taŋlap taŋïrqap

396. ayalarïn qavšurup ögä küläyü

antaɣ tep inčä sözlädilär:

(395 بۇنى كۆرۈپ ساداپىرا ئۇرۇدىتا بودساتۋا باينىڭ قىزى بىلەن بىللە ھەيران بولۇپ ئېچىرقاپ

(396 ئالىقانلىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ، تەرىپلەپ، مەدھىيەلەپ مۇنداق دېدى:

122

397. "ay-a! biz körü tägintim(i)z uluɣ bahšïnïŋ

398. aḍïnčïɣ muŋadïnčïɣ kü kälig ädrämin.

399. amtï bodisatv yorïqïnda yorïyur ärip munï täg ridi tašɣarsar,

400. alqunï bildäči bolmïštaqïsïn taqï nä ayïtmïš kärgäk!" tep.

ayančaŋ kertgünč köŋülin burhan qutïŋa bäk 401. qatïɣ köŋül öritip inčä tep qut

qolu sözlädilär:

397) ـــ ھەي، بىز ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ
398) ئەقىلنى لال قىلغۇدەك سېھرىي كارامىتىنى كۆردۇق،
399) ھازىر تېخى بودساتۋا تۇرۇپ بۇنداق ئىلاھىي كۆچكە ئىگە بولسا، 400) ھەممىنى بىلگۈچى بولغان ۋاقتىدا قانداق بولار؟ ئۇ ئىززەتلىك ۋە ئىخلاسمەن كۆڭلى بىلەن بۇرخان قۇتىغا
401) تەۋرەنمەس كۆڭۈل تۇرغۇزۇپ مۇنداق دەپ ئىلتىجا قىلىپ سۆزلىدى:

25 ـ بەت

402. “amtï biziŋ bo ädgülük yïltïzïm(ï)z uɣrïnda tärk tavraq

403. alqu nom qapïɣlarïnta tïdïɣsïz bolup

404. ažunlar sayu bo piratya p(a)ramit nom ärdinikä

ayïr ayaɣ tapïɣ uduɣ qïldačï bolup

402) ـــ ئەمدى بىزنىڭ بۇ ساۋابلىق يىلتىزىمىز سەۋەبىدە تېزلا بارلىق نوم ئىشىكلىرىدە توسالغۇسىز بولۇپ،
404) ھەممە ئۆمرىمىزدە بۇ پىراتيا پارامىت نوم گۆھىرىگە ھۆرمەت ـ ئىكرام قىلغۇچى بولۇپ،

124

405. ayaɣqa tägimlig darma uḍgati bodisatv täg ök

406. arslanlïɣ oron üzäsindä olorup

407. ariš arïɣ bo nom ärdininiŋ yörügin ača nomlayu

alp bulɣuluq burhan quṭïn tärk tavraq bulup

405) ھۆرمەتكە سازاۋەر دارما ئۇدگاتى بودساتۋادەك
406) ئارسلانلىق تەختتە ئولتۇرۇپ،
407) پاك ۋە ساپ بۇ نوم گۆھىرىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ،
تەستە ئېرىشكىلى بولىدىغان بۇرخان قۇتىغا دەرھال ئېرىشىپ،

125

408. alqu beš ažun tïnl(ï)ɣ oɣlanlarïŋa

ašaylarïŋa yarašï nom nomlap

409. aql<a>nčïɣ sansar ämgäkintin

apamuluq oẓɣurdačï bolalïm!” tep.

408) پۈتۈن بەش دۇنيا جانلىقلىرىغا[4] ئارزۇلىرى بويىچە نوم سۆزلەپ،
409) دەھشەتلىك سانسارا[5] ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى بولايلى.

126

410. ančulayu qut qolunu tükäṭip

411. ariš arïɣ piratya p(a)ramit nomqa darma uḍgati bodisatvqa

ayančaŋ köŋülin beš mantal yinčürü yükünü

412. ayayu oq üčär yolï tägzinip birdin sïŋar turdïlar.

410) (ئۇ) بۇنداق ئىلتىجا قىلىپ بولۇپ،
411) پاك ۋە ساپ پىراتيا پارامىت نومغا، دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋاغا ئىخلاسمەن كۆڭلى بىلەن بېشىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تەزىم قىلىپ،
412) ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ بىر تەرەپكە بېرىپ تۇردى.

127

413. anta ötrü saḍapira urudita bodisatv äŋiṭü ätözin

414. ayasïn qavšurup inčä tep tedi:

415. "ayaγuluq bahšï-ya! m(ä)n öŋrä bilgä bilig p(a)ramitïγ tilämiš üčün

416. aranyadan oronta turur ärkän kök qalïqta inčä tep ün äšidilti:

'ay tözünlär oγulï-ya! sän amtï öŋdün yïŋaq yorïγïl! odγuraq äšidgäy __ <sän > bilgä bilig p(a)ramitïγ!' tep.

413) ئاندىن كېيىن ساداپىرا ئۇرۇدىتا بۇدساتۋا تەزىم قىلىپ
414) ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ مۇنداق دېدى:
415) ــ ھۆرمەتلىك ئۇستازىم، مەن بۇرۇن بىلگە بىلىگ پارامىتنى تىلىگەن ۋاقتىمدا
416) ئارانيادان ئورۇندا تۇراتتىم، ئاسماندىن «ھەي ئېسىل ئوغلان، سەن ھازىر شەرققە قاراپ ماڭ. بىلگە بىلىگ پارامىتنى چوقۇم ئاڭلىغايسەن» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

128

anï äšidip ögirü sävinü öŋdün yïŋaq yorïyur ärkän

417. anïŋ ara yänä inčä tep saqïntïm:

بۇنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ، سۆيۈنۈپ شەرققە قاراپ ماڭدىم.
417) بىر ئازدىن كېيىن، يەنە مۇنداق ئويلىدىم:

26 ـ بەت

418. 'amtï m(ä)n öŋdün yïŋaq näčä täŋlig yer yorïsar m(ä)n

aẓu 419 tägir ärki m(ä)n qayu qayu balïq ulušlarqa?

anta yänä kimtin äšidgäli bolur ärki m(ä)n bilgä bilig p(a)ramitïγ?' tep.

418) ـ 419) «ئەمدى مەن شەرق تەرەپكە قانچىلىك ماڭسام قايسى شەھەر ـ ئەللەرگە يېتىپ بارار ـ مەن يەنە كىمدىن ئاڭلىغايمەن، ساپ ۋە پاك بىلگە بىلىگ پارامىتى؟»

129

420. öṭünmämiš ayïtmamïšqa bo savlarïγ

ökünü käŋränü turur ärkän

üsküm<tä> yänä bir bälgürtmä burhan bälgürti,

421. ögä küläyü inčä tep yarlïqadï:

420) بۇ سۆزلەرنى سورىمىغاچقا ئۆكۈنۈپ ئازابلىنىپ تۇراتتىم.
ئالدىمدا يەنە بىر بەلگۈرتمە بۇرخان پەيدا بولۇپ،
421) مېنى ماختاپ مۇنداق دېدى:

130

422. ‘ay tözünlär oγul<ï-ya!> sän amtï munṭaγ qatïylanïp nom küsüšin

423. arïṭï tïdïγsïzïn öŋdün yïŋaq beš yüz yočan yer yorïsar sän

424. aḍïnčïγ körklä s(u)ganda atl(ï)γ balïqta darma uḍgaṭi atl(ï)γ bodisatvtïn

425. aḍïrtl(ï)γ oḍγuraq bilgä bilig p(a)ramitïγ äšidgäy sän.’ tep.

anï äšidip m(ä)n ögirü sävinü inčä tep saqïndïm:

‘amtï 426. m(ä)n qayu üdün körür ärki m(ä)n darma uḍgaṭi bodisatvïγ,

äšidgäli 427. bolur ärki m(ä)n piratya p(a)ramitïγ?’ tep.

ančulayu saqïnu oronumtun täpränčsiz turur ärkän

422) ـــ ھەي ئېسىل ئوغلان، سەن ئەمدى تىرىشىپ بۇ نوم ئارزۇسى بىلەن
423) ھايالشىماي شەرق تەرەپكە بەش يۈز يوجان يەر يۈرسەڭ،
424) ئاجايىپ گۈزەل سۇگاندا دېگەن شەھەردىكى دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋانى كۆرۈپ
425) ئۇنىڭدىن بىلگە بىلىگ پارامىتنى چوقۇم ئاڭلىغايسەن.
بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىنىپ سۆيۈنۈپ: «ئەمدى
427) مەن بۇ دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋانى قاچان كۆرەرمەن، پىراتيا پارامىتنى قاچان ئاڭلارمەن» دەپ ئويلاپ ئورنۇمدىن تەۋرىمەي تۇراتتىم.

131

428. alqu nomlarda tïdïγsïz bilmäk uqmaqqa tägdim.

429. antïrdïn ulam burhanlarnïŋ dyanïŋa kirdim.

430. alqu burhanlar bodisatvlar m(a)has(a)tvlar quvraγïŋa

431. arïš arïγ piratya p(a)ramitïγ nomlamïšlarïn ačoq aḍïrtl(ï)γ bäkiz bälgülüg körür boldum.

428) پۈتۈن نوملاردا توسالغۇسىز بىلىش، ئۇقۇش (دەرىجىسىگە) يەتتىم.
ئاندىن بۇرخانلارنىڭ دىيانىغا كىردىم.
430) بارچە بۇرخانلارنىڭ بۇدساتۋا ماخاساتۋالار⑥ جامائەسىگە
431) پاك ۋە ساپ پىراتيا پارامىت نومنى سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئېنىق ۋە ئوچۇق كۆردۈم.





نۇر كىتاب بېكىتى www.nurkitap.com







www.uyghurkitap.com











ئىزاھاتلار:

① كاۋشىكى ــ خورمۇزتانىڭ فامىلىسى.

② ۋايدۇرى ــ بىر خىل قىممەتلىك تاشنىڭ نامى.

③ نىزۋانىلار ــ سوغدىچىدىن كىرگەن بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، «دىلخەستىلىك، ئازاب» دېگەن مەنىدە. بۇددا دىنىدا ئاچكۆزلۈك، ئاچچىق، ئاداۋەت، تەكەببۇرلۇق، گۇمانخورلۇق، يامان ئوي ـ پىكىر، بىلىمسىزلىك، ئەسەبىيلىك قاتارلىق كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان، كىشىگە ئازاب ئېلىپ كېلىدىغان يامان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

④بەش دۇنيا جانلىقلىرى ــ ئىنسانلارنىڭ سانسارادا ئايلىنىدىغان بەش تۈرلۈك شەكلىنى يەنى ئۆزلىرىنىڭ ساۋابلىق ياكى يامان ئىشلىرى سەۋەبىدىن تەڭرى، ئازۇرا، ئىنسان، ھايۋان، ئاچ ئالۋاستى، دوزاخ بەندىلىرى قاتارلىقلار بولۇپ تۇغۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ سانسارا ــ سانسكرىتچە ئاتالغۇ بولۇپ، «ھايات ـ ماماتلىق ئايلىنىش» دېگەن مەنىدە. يەنى بۇددىزمدا ھايات ھەر خىل شەكىلدە داۋام قىلىدۇ، ئاخىرلاشمايدۇ دەپ قارىلىدۇ.

⑥ ماخاساتۋا ــ بۇدساتۋانىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

فەرىدىددىن ئەتتار

# بۇلبۇلنامە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەدسالىم سابىر

مۇھەررىردىن: «بۇلبۇلنامە» ناملىق بۇ ئەسەر ئاتاقلىق پارس شائىرى فەرىدىددىن ئەتتار (1148/51 — 21/1219)نىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، پارس ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە. بۇ ئەسەردە ئاپتور بۇلبۇل، لاچىن، سۇمۇرغ، ھۆپۈپ، توز، شاتۇت قاتارلىق سىمۋوللۇق ئوبرازلارنىڭ دىئالوگلىرى ۋە كەلتۈرگەن ھېكايىلىرى ئارقىلىق ئىنساننى ئۇلۇغلاشنى، ئىنساننى ئاساس قىلىشنى، بىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنىشنى، سۆلەتۋازلىق قىلماسلىقنى، قۇرۇق نام ـ شۆھرەت قوغلاشماسلىقنى، شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىقنى، تەييارغا ھەييار بولماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئوي ـ پىكىر چوڭقۇر ۋە قاتلاملىق، ئىدىيۋى مەزمۇنى ئىلغار، بەدىئىيلىكمۇ يۇقىرى. مۇشۇ نۇقتىلارنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئەسەرنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇق.

### دىباچە

ئاڭا ھەمدۇ سانا، ئول خالىقى پاك،
كى ئاندىن ئالدى دانىش مۇلكۇ ئەفلاك.
تۇزەي مەدھىنى «بۇلبۇلنامە» ئايتا،
كېتىپ ئېردى زىلالىم، كەلدى قايتا.
قەلەم ئال قولغاۋۇ كۆڭلۈڭ ئەيان قىل،
كەلامىڭنى خۇدايى مېھرىبان قىل.
خۇداۋەندىدۇركى، ماختاش لايىق ئاڭا،
بېرەر، ئەي بەندە، رىزقۇ روزى ساڭا.
قەلەم ئىزھار ئېتەركەن دەردى ھىجران،
ئاقار ئول كۆزلەرىڭدىن سەل بولۇپ قان.
بېرىپ كافۇرغا بەسكىم مۇشكى نابىن،
سالۇر زەنجىرگە ھەم ئول بارى تابىن.
قەلەم بەھرى مەئانىي ئىچرە غەۋۋاس،
ئانىڭ پۇتكەن سۆزى چۇن دۇررى ئالماس.
ئەلەمكەشلەرگە يارۇ غەمگۇزار ئول،
قالۇر تاكى قىيامەت يادكار ئول.
ئۇنى روھى رەۋان دەر ئەھلى دانىش،
ۋە ئەھلى جاۋىدان دەر ئەھلى دانىش...

### قۇشلارنىڭ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ھوزۇرىغا كېلىپ، بۇلبۇلدىن شىكايەت قىلغانى

ئېشىتكەن ئېردى ئول شاھى سۇلەيمان،
بەرىپ دىۋۇ پەرىگە ئەمرۇ پەرمان.
ئولتۇرمىشتى، مەگەر تەخت ئۇزرە ئېردى،
سەئادەت ئەۋجىدە، بەخت ئۇزرە ئېردى.
كېلىشتى جۇملە قۇشلار توپلىنىپ پات،
ۋە بۇلبۇل دەستىدىن ئەرز ئەتدىلەر، داد.
سالىپ نەيدەك فىغان، ئاھ چەكتىلەر ئۇن،
ئۇرۇپ گاھ سىينەگە، گاھ باشقا ناخۇن.
ئاچىپ مىنقارلارىن بىر ـ بىرنى تۇرتۇپ،
قەناتۇ پەرلەرىن تۇپراققا سۇرتۇپ.

ھەمە ئەيلەردى بۇلبۇلدىن شىكايەت،
ئۇنىڭ بىدادىدىن نەقلۇ ھىكايەت.
كۆڭۈللەردە نىھان دەرد ئېرسە قانچە،
سۇلەيمانغا بەيان ئەيلەردى بارچە.
كى بىر قۇشدۇركى ئول، باغلاردا مەدداھ،
مۇدام شاخۇ پۇتاقتۇر ئاڭا مەئۋا.
مۇدام مەئيۇس، ئىشى ئاھۇ فىغاندۇر،
ۋەلې، قۇشلار ئارا شىرىن زەباندۇر.
سىرە كەسمەس ئۇشال شىرىن نەفەسنى،
نەزەرگە ئىلمايىن دۇنيادا كەسنى.
ھەمىشە ئەگنىدە بۆز، ئەسكى ھىرقە،
رىياۋۇ ھىيلە ساتقاي شۇ تەرىقە.
بەھار، گۇل فەسلىگە كىرگەندە بوستان،
چېكىپ يۈز بىر نەۋا، باشلايدۇ داستان.
قازاندەك قاينابان، كۆكسىدە ئاتەش،
ئۇزاق تۈنلەر يانىپ كۆيلەيدۇ يەككەش.
ئۇزۇم شەربەت، شەرابىن سىپقارىپ ئول،
ئېيتەر چۈن زارۇ نالە مەسلى تەمبۇر.
ئۇ غۇردۇر، بۇيلەكىم كۆڭلىن ئېيتەر خۇش،
چۇ خام شاۋقۇن سالاركەن، پۇختا خامۇش.
بويى پەستدۇر، ۋەلې باشى بەلەنددۇر،
خۇدا بىلگەي، دىلىدا نە ئەلەمدۇر.
دىلىدا سەبرى يوقكىم، بىقەرار ئول،
ئېيتەر شاۋقۇن سالىپ چۈن ئاشكار ئول.
تاپىلماس سەبر ئېيتەرگە پۇرسەت ئاندا،
چېكەر ئىشق دەردىنى، يوق راھەت ئاندا.
يۈزىنى كۆرمەمىش بىر كىمسە، بۇ راست،
فەقەت ئۇ گۇلگە يار، گۇل ئاڭا ھەمراز.
تويۇپمىز بارچە بۇنداق باڭۇ سەسدىن،
خەلاس ئەت بىزنى ئول مەستۇ ئەلەسدىن.

### سۇلەيمان لاچىننى بۇلبۇل ھۇزۇرىغا يىبەرگەنى

سۇلايمان تىڭلادى بۇ قىسسەنى، بەس،
غەزەپكە مىندى، جۇشدى قەھرى بىر پەس.
بۇراپ شىددەتكە سوڭ فىكرى مەرامىن،
تىلىغا كەلتۈرۈپ گەۋھەر كەلامىن.
دېدى لاچىنغا ئول: ھەي، يولغا چۇش زۇد،
ئالاۋدەك بارغىلۇ قايتىشدا بول دۇد.
بارىپ كۆرگىن، نە قۇش ئول، مۇنچەكىم جان،
چېكەرلەر دەستىدىن بەس ئاھۇ ئەفغان.
ئىلىمدىن بىر بەقاسى بارمىدۇر، يوق؟
مەگەر شىردەك ھەۋاسى بارمىدۇر، يوق؟
نېچۈن ئول كۆپچىلىكنى كۆرمەگەي خۇش؟
سورا، بۇ ھەددىنى ئول كىمدىن ئالمىش؟
سېلىپ شاۋقۇن ـ سۈرەن، تىنماس نە بائىس؟
ۋە خىزمەت ئەيلەمەس بىزگە نە بائىس؟
نېچۈن خىزمەت ئېتىشتىن مۇستەمەند ئول،
مەگەركىم شۇل سەبەبدىن دەردمەند ئول.
مەگەر دىۋانەيۇ مەست ھەر تاماندىن،
شۇنىڭچۈن بىخەۋەر ياخشى ـ ياماندىن.
زەئىپتۇر، ناتەۋان جىسمى نىزارى،
ۋە ھەر گۇلزار ئارا چۈن ئاھۇ زارى.
كى ئىستىغناسىدۇر تىللاردا داستان،
ئاچارمىش گۇل ئۇنىڭ ئىشقىدا بوستان.
يېقىنلاش ئاڭا سەن ئەيلەپ تەبەسسۇم،
يوق ئېرسە، ۋەھمىدىن ئۆلمىكى مۇمكىن.
يامان سۆز چىقمىسۇن ئول سارى سەندىن،
يوشۇرغىن تۇمشۇقۇ تىرناغىڭ ئاندىن.

### لاچىننىڭ يولغا تۈشگەنى

چۇ تۈشتى يولغا لاچىن، قىررە مىنقار،
تىلەپ خۇن، قايدا دەپ ئول بۇلبۇلى زار.
زەھەر سۈردى تىغۇ تىرناغى ئۈزرە،
ۋە ھەيبەتلىك قەناتىن يايدى سوڭرە.
كېيىن يەر ئۆپتى سۇلتان ئالدىدا ئول،
ساۋۇت كىيمىشتى گويا باشتىن ـ ئاخىر.
ئۇنىڭ شاھى ئاڭا بەرمىشتى پەرمان،
ئادا ئەتمەككە ئول ھازىرتى شۇل ئان.
مۇلازىم ئەر نىشانى بۇيلە بولغاي،
چۇ ئىشنى ئول ئادا ئەتمەكنى بىلگەي.
بويۇرماق ئىشنى مېھتەر خەيلىگە كام،
مۇلازىمنىڭ ئىشى ئەتمەك سەرئەنجام.
مۇلازىم ئېرسە چىندىن ھەقشۇناس قۇل،

خىيانەت، كورنەمەكلىك ئەيلەمەس ئول.
مۇلازىم، ئۇندا گەر ئەقلۇ ئەدەبتۇر،
ۋەفادۇر قەلبىدە، شەۋقۇ تەلەبتۇر.
مۇلازىم مېھتەرىگە ئەيلەسە قەست،
يىقىلغاي بۇيلەكىم، ھەرگىز تۇرالماس...
ئۇچۇپ لاچىن يېتىشدى سۇيى بوستان،
ۋە كۆردى بۇلبۇلى مەستى گۇلىستان.
ھاۋا ئېردى ئەجەب مۇشكىن، مۇئەتتەر،
چەمەن چۇن ئالەمى ئۇلۋى مۇنەۋۋەر.
چېچەكلەر ئەيشىگە غەرق ئېردى مەئۋا،
شىكەست ئېردى چۇن بۇلبۇلدا تەقۋا.
گۇلىستانىنىڭ سەفاسى ـ بىبەقالىق،
ئۇشەل بۇلبۇل نەۋاسى ـ بىۋەفالىق.
كېلىپ لاچىنغا خۇش بۇلبۇل نەۋاسى،
چەمەندە نەچچە گۇل رەڭگۇ سەفاسى.
كۆتۇردى كۆككە لاچىننى ھامان ئىشق،
ئۇنى بىر لەھزە ئەتتى بىزەبان ئىشق.
ۋەلې ئەقلۇ ھوشى ئىزمىگە تۇشدى،
ۋە بۇلبۇل قانىن ئىچمەككە كىرىشدى...

**بۇلبۇل گۇل ۋىسالىنى غەنىمەت بىلىپ، ئانىڭغا نەچچە بىر سۆز ئايتقانى**

دېدى گۇلگە باقىپ: ئەي زىبى گۇلشەن،
ۋىسالىڭ شەمئىنى ئەت بىزگە رەۋشەن.
كەل، ئەي، بۇ تۇن بەسى نازۇ نىيازدۇر،
گۇزەللەر زۇلفى ياڭلىغ ئول دەرازدۇر.
غەنىيمەت بىل ئۇنى، يار ساڭا ھەمدەم،
بولايلۇق تاڭغاچە بىر ـ بىرگە مەھرەم.
چەمەندە ئىككى يار راز سۆزلىشەيلۇق،
ھىكايەتلەر ئېتىپ، باز سۆزلىشەيلۇق.
بۇ دەملەر راھەتى جەننەتدىن ئەۋزەل،
ۋەلې ھەر كىمگە ھەم بولماس مۇيەسسەر...

**بۇلبۇلنىڭ ھىكايات ئايتقانى**

ئەجەب بىر تۇن ئېدى، دىل خۇشلادىم مەن،
ئۆپۈپ يارنىڭ دۇداغىن، تىشلەدىم مەن.
كېلىپ تاڭ چېغى باغبان سورىدى: ئەي گۇل،
بۇ ئاخشام ساڭا ھەمراز كىم ئېدى ئول؟
نىقابىڭنى ئاچىپ، دىل خۇشلاغان كىم؟
لەبى لەئلىڭنى مۇنداغ تىشلەگەن كىم؟
ئاچىپ بادى سابا بىرلەن يۇزۇڭنى،
بېرىپسەن بىر ناكەسكە ئۆزۈڭنى...
دېدى گۇل: لەبلەرىم نەم ئېردى تۇندە،
كېلىپ ئۆپكىن دەھانىم ئاچدى شۇندە.
ۋە بۇلبۇل قانىنى سوردۇم بىئارمان،
شۇنىڭچۇن لەبلەرىمدىن تامچىلار قان...
كەل، ئەي يارىم، بولايلۇق بىز ھەماغۇش،
ئېتىپ ئەھدۇ ۋەفا، ئەتمە فەرامۇش.
سېنىڭدەك ماڭا بۇ ئالەمدە كەس يوق،
ۋىسالىڭسىز تەھەممۇل بىر نەفەس يوق.
نەچچە مىڭ ئاشىقىڭ بار مەندىن ئارتۇق،
ماڭا سەنسىز تىرىگلىك دەردۇ ئاغرىق.
لەبىم چاڭقاق، كۆزۈمنىڭ قانى يامغۇر،
قۇرۇق، چاڭقاق زېمىننىڭ جانى يامغۇر.
ۋەلېكىن قورقىمەن، بۇ چەرخى گەردۇن
يامانىنى ياخشى ئەيلەر، ياخشىنى دۇن.
كى ئانداق چەرخ ئۇراركەن ھەر زەمانى،
ئايان ئەيلەر نەچچە ياخشى ـ يامانىنى.
سېنى ئاتەشكە ئول ئۇرغاي ھەمىشە،
مېنىڭ جانىمنى ياندۇرغاي ھەمىشە.
سېنى بادى خەزان پەژمۇردە ئەتكەي،
مېنى ھىجرانى زارىڭ مۇردا ئەتكەي.
ۋىسالىڭ كۇندۇز ئىچرە ئايۇ يۇلدۇز،
ۋىسالىڭ بىرلە تۇن ھەم مىسلى كۇندۇز.
ۋىسالىڭسىز ماڭا كۇن بارمۇ، دىلبەر،
ياقىپ ھىجران ئوتى جانىمنى ئۆرتەر.
ۋىسالىڭسىز تىرىگلىك قايدا، جانىم،
ئۆزۈڭدۇرسەن ھەياتى جاۋىدانىم..
ئۇلار راز ئايتىشىپ تاكى سەھەرگاھ،
قازادىن ئېردىلەر ئول قايدا ئاگاھ.

**لاچىن بۇلبۇلگە سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلام ئەمرىنى يەتكۇزگەنى**

ئەنە، كۇن لەشكەرى ئات سۇردى ھەريان،

يېتىشتى شۇ زەمان باشلارغا ھىجران.
دېدى لاچىن: ئايا، ئۇيقۇنى بەس قىل،
مېنىڭ ئۇچقۇر قاناتىمغا ياپىشقىل.
چۇمۇلە كەبىمنى گەر ئارزۇ قىلغاي،
ئۇ لاچىننىڭ قانات ئاستىغا كىرگەي.
ھۇزۇرىغا سۇلەيمان ئەتتى دەئۋەت،
نېچۇك ھۆججەت، دەلىللىك بولسا كۆرسەت.
مەگەر دېسەڭمۇ ئاڭا: بۇيلە قۇشمەن،
بۇ ئالەمدە غېمى يوق، كۆڭلى خۇشمەن...
تىكىپ ھەر لەھزە گۈل ھۆسنىگە كۆزنى،
سۇلەيماندىن يىراق تۇتقايسەن ئۆزنى.
نېچۈن گۈل ھۆسنىگە دىلكەشلىكىڭ بار؟
نېچۈن شاھ ئەمرىگە سەركەشلىكىڭ بار؟
ئېرىنمەي زەۋقى ئىشقىڭ سۆزلەمەكدىن،
قاچارسەن شاھقا خىزمەت ئەيلەمەكدىن.
ئۆرۈمە يۈزنى شاھ دەرگاھىدىن، ھەي،
ئۆزۈڭ سەرسان، ئاياغىڭ بەندتە قالغاي.
چۇ بولماق ئىستەسەڭ ئالەمگە مەشھۇر،
دۆلەتمەند كىمسەلەرنىڭ يانىدا يۈر.
كېلۇر ساھىب كۆڭۈللەردىن ئاتالىق،
ئۇلاردىن كۆرمەگەيسەن بىۋەفالىق.
نە دەر ئەقلۇ فەراسەت ئەھلى، تىڭلا،
ئۇقۇپ ئال خاتىرىڭ، جان قۇۋۋىتىڭ ئىلە...

### ھېكايەت

بار ئېردى بىر گەدا، سەرگەشتە، ھەيران،
يۇرۇپ بىر كۈن يېتىشتى شەھرى شىرۋان.
ھۆكۈمدار قەسرىنىڭ يانپاشىدا ئول،
مەكان تۇتتى، خەيالغا بولدى مەشغۇل.
سۆيۈندى چۈن دىۋارغا زارۇ بەدبەخت،
ئارىدىن ئۆتتى قانچە ۋەقتۇ پۇرسەت.
كۆرۈپ شورلۇقنى بىر ئەئيان بىنەگاھ،
بۇ سىر بولدى جەھانغا ئاشكارا.
دېدى ۋەزىر: مۇرادىڭ بارمۇ بىزدە،
ياتارسەن نە سەۋەب ئاستانىمىزدە؟
جەۋاب ئەيلەپ دېدى: ئەي چېھرەسى نۇر،
يەنە شۇ ئالەم ئىچرە شادۇ مەسرۇر.
كۆڭۈلدە ئارزۇيۇم بار دۇر، خەيالىم،
كىشى بىلمەس نېدۇر ئول سىررى ھالىم...
چۇ دەۋلەتخانەدۇر باشىڭدا خانە،
دىلىڭ قۇشتۇر، قولۇڭدا دامۇ دانە.
تەنىمنى سۇرتىمەن دىۋارغا تىنماي،
كى بىر كۈن ئىشكى ماڭا ئاچىلغاي...
جەۋابى ئەيلەدى ۋەزىرنى خۇررەم،
كى تولدۇردى ئىتەگىن زەرگە شۇ دەم.
مۇقەررەب بولدى ئول سۇلتانغا ئەئيان،
يۇرۇپ ھۆكمىدە بارچە ئەھلى شىرۋان.
كىشىكىم ئەيلەگەي مىرلىكنى پىشە،
ئۇلۇغلار يانىدا يۇرسۇن ھەمىشە...

### بۇلبۇلنىڭ لاچىنغا جەۋاب بەرگەنى

جەۋاب بەردى ئاڭا بۇلبۇل سۇخەنگۇي:
بۇ مەئنىلەرنى ئايتما، بىزنى تىنچ قوي.
بىرەۋ بىرلەن سىرۇ سەۋدايىمىز يوق،
بىرەۋگە ئىشق ئارا پەرۋايىمىز يوق.
سەن ئاشىق بولمادىڭ، باغرى پۈتۈنسەن،
مەگەر ئاتەش ئەمەستۇرسەن، تۈتۈنسەن.
چۇ بىخۇد بولمادىڭ ئالەمدە ھەرگىز
ۋە ئاشىق قەدرىنى بىلمەككە ئاجىز.
كىشى گەر ئىشق شارابىن ئەيلەگەي نۇش،
ئېتەر ئول جۇملە ئالەمنى فەراموش.
مېنى مەئزۇر تۇتقىن، ئەي خىرەدمەند،
قاچان ئاشىققا ئاقىلدىن يېتەر پەند؟
بەلەنددۇر ئىشق مەقامى، پەس ئەقىلدۇر،
ئەقىل ئىشق كويىغا كىرسە، جەھلدۇر.
سۇلەيمانغا دېگىن، ئەي نۇرى يەزدان،
كى بىزگە ئەتمەسۇن چۈن ئەمرۇ پەرمان.
بىلەرمىز، بىزگە سەندىن بىر سىتەم يوق،
مەگەر دىۋانەۋۇ ئاشىققا غەم يوق...

### لاچىن بۇلبۇلنى كۆتۈرۈپ ئۇچقانى

دېدى بۇلبۇلغا لاچىن: ساڭا ئايتاي،
نېچۇك سەنسىز ئۇچۇپ، ئارقامغا قايتاي؟
يىگىتلەر ئۆپكە قول، سوزغاندا پىرلەر،

ئۇلارنىڭ ئىلكىنى ئۆپكەي ئەمىرلەر...
شىرىن سۆز بىرلە مۇشكىل بولمادى ھەل،
ھامان بۇلبۇلغا لاچىن سوزدى چاڭگال.
ئالىپ ئۇچدى ھەۋاغا چۇن ياشىنۋار،
ۋە سىقدى چاڭگىلىدا ئىككى ـ ئۈچ بار.
چۇ بۇلبۇل ئاڭلادىكىم، بارى كەتمىش،
ئۆزى ئاجىز، قولىدىن يارى كەتمىش...

بۇلبۇلنىڭ لاچىنغا يالىنىپ يالبارغانى

دېدى بۇلبۇل: ئۆزۈڭ قالقانۇ نەيزە،
كەل ئەمدى، پەردە تارت بۇ بەندە ئۆزرە.
چۇ لۇتفۇڭدىن بۈيۈكلۈك بولدى زاھىر،
ئارسلاندەك كەرەم قىل، بولما قاشقىر.
مېنى قويغىنكى، ۋەسف ئەيلەپ سۇلەيمان،
ئېتەي مەدھىنى شۇ ئالەمگە داستان.
كىشى ئاقىل ئېسە، دانا ۋە زېرەك،
كۆرەر ھەر ئىشتا ئول ئالدىننى بىشەك.
مەگەر شاھ ئالدىغا بارسا خىرەدمەند،
بارار دائىم دۇئايى، نەزمى بىرلەن.
كېلەر ئۈچ نەرسە خۇش شاھلارغا ھەر ئان:
ھۇنەر يا مال ۋەيا لۇتفى سۇخەندان.
قۇرۇق قول بىرلە گەر بارسا كىشى ئول،
يۇرۇشمەس، ئارقىغا كەتكەي ئىشى ئول.
بىساتىمدا مېنىڭ مالۇ ھۇنەر يوق،
سۆزۈم باردۇركى، ئانداق بىر گۆھەر يوق...
دېدى لاچىن: سۇخەندانلىقنى كۆرسەت،
بىساتىڭدا نېچۇك سۆز بولسا، ئىشلەت.
تالاي ئالدىندا يول، بىز مۇنچىلىك سۇست،
قاناتلار تالدىمۇ، تەنلەرمۇ ناقىس؟
قاناتىڭ يايغىنۇ بەر ئاڭا تابىن،
چېكەيلۇق ئىككىمىز يولنىڭ تانابىن.
ئۆپەرمىز ئۇندا يەر، شاھى جەھاندار،
دۇئايى دەۋلەتىن ئەتمەككە يۈز بار...

بۇلبۇلنىڭ سەبا ئارقىلىق گۈلگە
سەلام يوللىغانى

ئۇلار تاغ باشىغا يەتكەندە ئەمدى،
ئېسىپ بادى سەبا، گۈلزارغا كەلدى.
ھامان ئول سارى قولنى سوزدى بۇلبۇل،
سابانىڭ ئېتەكىدىن ئۇشلادى ئول.
دېدى بادى سەباغا: ئال پەيامىم،
بارىپ، يارىمغا يەتكۈزگىل سەلامىم.
دېگىن «يار، مەنسىز ئەھۋالىڭ نە ئېرمىش؟
كى سەنسىز بۇ دىلىم قانلارغا تولمىش.
فىراقىڭ ئىچرە ئانداق مەن، دىلئارام،
نە سەبرۇ نە قارارىم بار، نە ئارام.
كۆڭۈل مۇشتاق ساڭا، ئەي جانى شىرىن،
ئەسىر ئەتكەن كەبى خىسرەۋنى شىرىن.
ئەگەر بىر بار يەنە چېھرەڭنى كۆرسەم،
ۋە بىردەم سەن ئىلە خىلۋەتدە ئولتۇرسام...
جەھاننىڭ غەملەرى ھېچ بولغاي ئېردى،
مەن ئۆلمەستىم، رەقىبلەر ئۆلگەي ئېردى.
يۈزۈڭگە سالماسۇن ياغۇ نەزەر ھېچ،
كويۈڭغا ئەتمەسۇن قايغۇ گۇزەر ھېچ.
نەسىب ئەتسە ئۇمر، يارىڭ بولارمەن،
يوق ئېرسە، ھىجرى ئىشقىڭدا ئۆلەرمەن...»

گۈلنىڭ فىغان چەككەنى

ئۇچۇپ يەتتى سەبا، چۇن گۈلشەن ئېردى،
مەگەر گۈلشەن ئەمەستى، گۈلخان ئېردى.
يوق ئېردى ئۇندا بۇلبۇل، ئايرىلىپ گۈل،
ئېدى باشدىن ـ ئاياغ قان ئىچرە پۈتكۈل.
نەچچە مىڭلاپ تىكەنلەر سىينەسىدە،
پىراق ئېردى كۆڭۈل ئايىنەسىدە.
يىقىلغاي ئېردى گەھى، تۇرغاي ئېردى،
چېكىپ ئاھ، زارلىنىپ، غەم ئىچرە دەردى.
گۈلىستان ئىچرە ئېردى سەير ئېتىشلەر،
ھەسەد ئەيلەردى بىزگە بارچە قۇشلار.
ھەسەد كىم ئەيلەسە، كور بولسۇن ئاخىر،
يارانلار ھەمدەمۇ جور بولسۇن ئاخىر.
ھەمىشە جەۋر ئېتەر شۇ چەرخى دەۋران،
سالۇر ئىشق ئەھلىگە ئول دەردۇ ھىجران...

### بۇلبۇلنىڭ سۇلەيمان ھۇزۇرىغا كەلگەنى

سۇلەيمانغا يېتىشدى لاچىن ئاخىر،
چېكىپ سەپ بارچە قۇشلار ئېردى ھازىر.
ئۆپۈپ شاھ ئالدىدا يەر بۇلبۇلى زار،
كەمەر باغلاپ ساداقەت ئەتتى ئىزھار.
سۇلەيمانغا بېقىپ ئەتتى دۇئا ئول،
ۋە سوڭرا باشلادى مەدھۇ سانا ئول.
سەن ئول شاھسەنكى، مارۇ مۇرۇ ئىنسان،
يەنە دىۋۇ پەرى ھۆكمىڭدا ھەر ئان.
سېنىڭدەك شاھنى ھېچ كۆرمىشمۇ ئالەم،
كى ئەمرىڭ ئاستىدا قۇش ھەم، بالىق ھەم.
چۇ سەندەك ياخشى يوقتۇر سىيلاغۇچى،
بىراۋغا تاجۇ تەخت بەخش ئەيلەگۈچى.
رەسۇلسەن، پادىشاھسەن، بىزەۋالسەن،
خەتادىن خالى سەن، رەمزى كەمالسەن.
مۇدام كامى مۇرادىڭ بولغاي ھاسىل،
دىلىڭ ئىززەت زىياسى بىرلە كامىل.
سەۋەبكى، كەلمەدىم مەن خىزمەتىڭگە،
مۇناسىب كۆرمەدىم مەن ئۆزنى ئانگە.
ئۇمر بەرسە مەگەر ئول ھەققۇ يەزدان،
ئېتەرمەن خىزمەتىڭ، ئەي شاھۇ سۇلتان.

### سۇلەيماننىڭ بۇلبۇلغا ئايتقانلارى

سۇلەيمان دېدى: سايراق قۇشچەدۇرسەن،
نېچۈن رىندلەرگە ئوخشاش مەي ئىچەرسەن؟
گاھى سەرمەستۇ گاھ ھوشيار ھالىڭ،
گاھى ئۇيقۇدا، گاھ بىدار ھالىڭ.
ھەمە قۇشلار تۇرۇپ تۇپراقدا تىككە،
باراۋەر كۆزنى تىكمىشلەر پەلەككە.
ھەمە ماتەمسەرا، دەرد ئىچرەدۇر، بەس،
رەزالەت چېكىدىن ئازادۇ سەربەست.
سەن ئېرسەڭ توي قىلىپ ھەردەم، ئەرۇسى،
مەگەر گەبرىيمۇسەن ياكى مەجۇسى؟
شەراب ئىچكىنكى، بەدمەست ئەتمەسۇن ئول،
قىياسى بولماسۇن ئالەمدە پۇتكۇل.

شەرابدۇركىم، ئېتەر كۆڭلۈڭنى ئول شاد،
قىلۇر باش ئاغرىقىدىن جاننى ئازاد.
شەراب گەر ئاڭا بەدمەستلىك سىفاتتۇر،
ھارامدۇر، گەرچە ئول ئابى ھاياتتۇر.
ھارام ئەتتۇق شەرابنى، كېكسەدۇر ياش،
ئىچەرلەر ئول بەلانى جۇملە ئەۋباش.
ئىچىپ مەستلىككە ئانداقكىم يېتەرلەر،
نېچە سىرلارنى سوڭرا پاش ئېتەرلەر.
قۇۋانچى دەردى خۇمارىغا يەتمەس،
تويى ئول رەنجۇ ئازارىغا يەتمەس.
مەي ئىچمە، مەست ئېتىپ، ئەقلىڭ قىلۇر كەم،
كېلەر باشىڭغا سوڭرا نەچچە بىر غەم.
مەي ئىچمە، ئىچكىنىڭ ئاشكار ــ نىھانىي،
بولۇر ساڭا بەلايى جاۋىدانى...

### ھارۇت ۋە مارۇت ھكايەتى

ئېشىتكىن قىسسەئى ھارۇت ۋە مارۇت،
ئېدى مەسكەنلەرى دەرگاھى لاھۇت.
كى ئەۋۋەل ئېردىلەر كۆكدە فەرىشتە،
كېيىن دىۋ بولدىلار، غەمدىن سەرىشتە.
ئۇلار ئېرمەستىلەر شەھۋەتكە ئاشنا،
ئۇ بائىس ھەرسۇ مەستلىكتىن مۇسەففا.
چۇ ئادەم بولدى بۇ ئالەمگە ئۇيقاش،
ئۇلارنىڭ جانىغا ئوت تۇشتى، ئاتەش.
خۇدا ئاستانەسىگە ئۇردىلار باش،
ۋە دىلدا بارىنى چۇن ئەتتىلەر فاش.
دېدىلەر تەڭرىگە ئەيلەپ شىكايەت:
كى ئەتتىڭ بۇيلە ئادەمگە ئىنايەت.
ۋە لېكىن قان تۆكەر ئەۋلادى ئادەم،
پاساتقا جۇلغىنۇر ئول مۇلكى ئالەم...
چۇ ئۆزنى كۆردىلەر ئادەمدىن ئەۋزەل،
شۇ بائىس ياخشىلىق ھەم كۆرمەدىلەر.
خۇداۋەند قەھر ئىلە پەرمايىش ئەتتى،
ئۇلارنى ئۇشبۇ دۇنياغا جۆنەتتى.
كۆرۈپ زۇھرا سەنەمدە ھۇسنۇ تەلئەت،
سەلاھ ئۇستىگە دەرھال چەكتىلەر خەت.

سەنەمگە بولدىلار چۇن ئاشىقى زار،
چېكىپ ئاھ كۈندۈزى، تۈنلەردە بىدار.
نىھايەت كەلدى ئۇل شوخى زەمانە،
دېدى ھەر بىرىگە چۇن مەخپىيانە:
مېنى سۆيگەن بولۇر ئەمرىمدە ھەر ئان،
ھارامدۇر ئۆزگە ھەرنە ئەمرۇ پەرمان.
ئېتىڭ ئىسيان، ئادالەتتىن كېچىڭىز،
پاسات ئەيلەپ، تۆكۈڭ قان، مەي ئىچىڭىز.
بولۇرمەن سىزگە چىندىن يارۇ ھەمدەم،
ئەگەر ئۆگەتسەڭىز ئۇل «ئىسمى ئەئزەم»...
پاسات ئەتمەي، ۋەلې مەي ئىچتىلەر خۇب،
پاسات ئەيلەپ كېيىن قان تۆكتىلەر كۆپ.
ۋە سوڭرا «ئىسمى ئەئزەم» ئەتتىلەر پاش،
ۋە چاھقا تۇشتىلەر ئانداقكى بىر تاش.
ئۇ زۇھرا «ئىسمى ئەئزەم» ياد ئالىپ تىك،
ئالاۋ، ئاتەشتە قالدى، يانمادى لېك.
ئوقۇپ ئۇل «ئىسمى ئەئزەم» چىقتى كۆككە،
كېلىپ ئاي.ۋە قۇياش باش ئەگدى ئانگە...
ۋەلې ھارۇتۇ مارۇت مەنزىلى خاك
بولۇپ، چۇن قالدىلار سەرمەستۇ بىباك.
ئېدىلەر مەست، چۇ ھوشيار بولدىلار سوڭ،
قويۇپ ئۇيقۇنى بىدار بولدىلار سوڭ.
قەزا چۇن ئەيلەگەي ياخشى ـ ياماننى،
كىشى تەدبىر ئىلە نە ئەيلەر ئانى...
بەرابەر چەكتىلەر ئاھ، ئاتەشۇ دۇد،
ۋەلې ئۇل ئاھ چېكىشدىن ئەمدى نە سۇد.
ئۇزۇر ئىستەپ ئاياققا تۇردىلار تا،
گۇناھ ئەتسە قۇلى، ئەفۋ ئەيلەگەي شاھ.
چۇنان شەرمەندەمىز، ئايتماققا سۆز يوق،
ئۇزۇر سورىماققا ھەم ھەتتاكى يۈز يوق.
جەزايىڭ بۇندا بەر، ئۇل ياقداكىم، بەس،
كېچە يوقتۇر، بۇگۇن يوق، ئەتە بولماس.
بۇ دۇنيانىڭ ئەزابى پۈتكۇسى، ھەي،
ئۇ دۇنيانىڭ ئەزابى قايدا پۈتكەي؟
چۇ بابۇل شەھرىدە چاھ ئىچرە ھەردەم،
ياتارلار سەرنىگۇن قايغۇ چېكىپ غەم...
كېلىپ چاھ باشىغا، تاڭلارغا ئۇترۇ،
خەلايىق ئۆگىنەرلەر سىھرۇ جادۇ.
ئۇلاردىن ئۆگىنىپ كەسرۇ كەساپەت،
قىلۇرلار سوڭرا كۆپ زۇلمۇ قەباھەت...
كى سەن ھەم چاھ ئىچىدە، پەس ئېرۇرسەن،
شەرابى ھىرس ئىلە سەرمەست ئېرۇرسەن.
كى سەن ھەم زىبى ئەفلاك ئېردىڭ ئەۋۋەل،
شۇ تۇپراق گەردىدىن پاك ئېردىڭ ئەۋۋەل.
شۇ تۇپراقكىم، ۋىسالىڭ ئارزۇ قىلدى،
ئۇچۇپ جانىڭ فەلەكدىن يەرگە ئىندى.
سەن ئەسلىڭدىن، ئۆزۈڭدىن تۇشتۇڭ ئايرۇ،
مەكان ساڭا بۇ مەئۋامەس، ئۇ ماۋزۇ.
ئېشىتمەكدىن ئېرىنمە، سۆزنى تىڭلا،
قىياستا ئايتىمەن، مەئنانى ئاڭلا.
قارا، تىگرەڭدە ئۇل ئىككى جەھان، كەڭ،
ئېشىتمەكلىك قاچان كۆرمەك ئىلە تەڭ؟
جەھان جاھدۇركى، ئاتەش مالۇ دۇنيا،
ئوشۇل زۇھرا مەگەر ئامالى دۇنيا.
بۇ ياقتىن ئۇل تەرەپكە قايتماقىڭ چىن،
يوۋاش كەپتەر بولۇپ، يا مىسلى لاچىن.
ئەگەر ئىستەر ئېسەڭ سەن ھەشمەتۇ جاھ،
قۇدۇقتا سەرنىگۇن بولغايسەن، ئىللاھ.
بارارسەن سۇ بويىغا تەشنا لەب، سوق،
ئەگەرچە ھەممە ياق سۇ، ساڭا سۇ يوق.
كۆرەرسەن ئىستەكىڭ باشىڭدا چۇن دار،
تۇشۇپ دۇنيادىن ئايرۇ، دىلدا ئازار.
بولۇر قىسمەت ساڭا مىھنەت ئىلە غەم،
تاپىلماس ئىككى ئالەم ئىچرە مەھرەم.
قالۇرسەن ئىككى ئالەم ئىچرە ھەيران،
مەگەر بىر نەي مىسالى زارۇ نالان...

**بۇلبۇلنىڭ ھەزرەتى سۇلەيمانغا «يا نەبىيۇللا، بىزنىڭ مەستلىكىمىز مەئنالار جامىدىندۇر، سۇرەت مەيدىن ئەمەس» دېگەنى**

دېدى بۇلبۇل جاۋابەن: ئەي پەيەمبەر،
كى بىزنىڭ مەگەر يوقتۇر جامۇ ساغەر.
ماڭا مەستلىك مەيى مەئنى دەمادەم،
ۋە جام ئىچرە شەرابىم تەۋبە ھەردەم.

كۆڭۈل پەرۋانە دەر، بىلمەيدۇ ئۆزگە،
يانار شەمئ ئۆزگەنى ئىلمايدۇ كۆزگە.
كىشىكىم ئاشىقى دىدار ئېمىشتۇر،
سەھەردىن تا سەھەر بىدار ئېمىشتۇر.
لەبالەب تۇتسا ساقىي جام، ياھۇ،
قاچان كەلگەي خەيالغا نانۇ ئۇيقۇ؟
تەنىم زارۇ زەئىفتۇر، ئەي سۇلەيمان،
ۋەلې سايراشتا يوقتۇر ماڭا مانەند.
سۆيۈپ جانانىنى، ئانداق مۇپتىلامەن،
ئەسىرى دامى ھىجرانۇ بەلامەن.
مېنىڭ دەردىمدىن ئول بولغاي خەبەردار،
مەگەر كۆڭلىدە بولسا دەردۇ ئازار.
مېنىڭ دەردىمدىن ئولغاي كىمسە ئاگاھ،
ئەگەر ئول بولماسا ئىشق ئىچرە گۇمراھ.
ئۇشۇل مەيلەركى مەن ئىچتىم سەھەرلەپ،
چۇ ساقىي تولدۇرۇپ تۇتتى لەبالەب.
ئەگەر يەتسە لەبىڭگە قەترە ئاندىن،
يىراق تۇشكەي ئېدىڭ ئەقلۇ خىرەدتىن.

## بۇلبۇل مەنسۇرنىڭ ئىشق ھالىتىدە «ئەنەلھەق» دېگەنىنى مىسال كەلتۈرگەنى

ئۇ مەيدىن بىر يۇتۇم ئىچكەندە مەنسۇر،
«ئەنەلھەق»تىن جەھاننى چىرمادى نۇر.
ئۇ ۋەھدەت دەپ ئالاركەن قولغا سەھبا،
ھەكملەر بەردىلەر قەتلىگە پەتىۋا.
چۇ ئىككى يۇز ئېدى ئول كىمسەئى شۇم،
ئۇياتدىن بولدىلار بىر زۇمدا مەھرۇم.
چىقاردىلار بازارغا، سەرمەست ئېردى،
كى جاللاد ئالدىغا مەردانە كەلدى.
ۋە دار ئەتراپىدىن چىر ئايلانىپ ئول،
دېدىكىم، رەشك مېنى ياندۇردى پۇتكۇل.
كېزىپ، دوست كۇيىدا ئېردىم سەھەرگاھ،
بېقىپ، بىر سايە كۆردۇم يولدا ناگاھ.
مېنى شۇ بىر نەزەر ئارتىمغا بۇردى،
بۇرۇپ ئارتىمغا، يول باشىغا سۇردى.
نەزەركىم، ئۇندا نامەھرەمگە سالدىم،
سېلىپ، ھەق رەشكىدىن دەرسىمنى ئالدىم...

كىشى ئاشىق، نېچۇن زار يۇرمەسۇن ئول؟
كېزىپ چۇن كۇيى دىلدار يۇرمەسۇن ئول؟
كىشىكىم، كۆرگەي ئافتاب ئەرتەيۇ كەچ،
ۋۇجۇدى زەررەسىن كۆرگەيمۇ ئول ھېچ؟
كېيىن سۆرەپ ئۇنى دارغا چېكىپ باش،
ھامانە ھەر تەرەپتىن ئاتتىلار تاش.
ئېزەركەن تاشۇ ئارقان، غەم يېمەستى،
«ئەنەلھەق» دەيتتى يەككەش، كەم دېمەستى.
سادا ئەيلەپ، ئاڭا جور ئېردى شۇل دەم،
دەرۇ دىۋارۇ ئارقان بىرلە دار ھەم...
شۇ ياڭلىغ ئۇزدىلەر ئۇمرى تەنابىن،
چۇ سۇندۇرماق بولۇپ ئىشق ئافتابىن.
ئۇشالكىم «مەن» دېدى، ئېردى فەنا ئول،
ئۇشال «مەن» ئورنىدا ئېردى خۇدا ئول...
تاشىپ دەريا سۇيى سەھراغا يەتتى،
سەدەپ سىندى، گەۋھەر دەرياغا يەتتى.
كۆتۈردى بۇيلەكىم مۇشكىلنى ھەللاج،
كى باشتا تولمىش ئېردى، بولدى تاراج.
ئايا، دەريا قايان، سۇدان قاياندا،
تۇشۇپ دەرياغا ئول قۇمغان قاياندا؟
سىنالغان تاغ سەباتى يەل ئىلە بات،
تارالغاي ھەر گىياھدىن دادۇ فەرياد.
ئۇ جامدىن ئىچتىلەر مەي گەرچە مىڭلار،
ۋەلې ئەسرارى ھەقكە يەتمەدىلەر...
تىنىپ بۇلبۇل، كېيىن ئانت ئىچدى شۇل دەم:
شاراب ئىچمەم بۆلەك، ۋەللاھى ئەئلەم.
ۋەلې گۇل ئىشقىدا ھەردەم يانارمەن،
فىراقى ئاتەشىدە ئۆرتىنەرمەن.
گۇلۇم تەرك ئەيلەگەندە باغۇ بوستان،
تىنارمەن، سۆزلىمەسمەن شېئىرۇ داستان...

## سۇلەيمان قۇشلارنى كايىگەنى

چۇ بۇلبۇل قىسسەسىن ئەتدى ھاۋالە،
سۇلەيمان تىڭلادى ۋە چەكتى نالە.
دېدى قۇشلارغا: غەيبەت سۆزلەدىڭىز،
شۇ بۇلبۇلنى مالامەت ئەيلەدىڭىز.
كىشى بارسا مەگەر قازىغا تەنھا،

ئۇ ياقتىن شاد بولۇپ قايتقۇسى، ئىللا.
گەپۇرماق يۈزگە — شەرتى ئىتتىپاق،
كى ئارتتىن سۆزلەمەك — كانى نىفاقتۇر.
گەپىڭنى يۈزگە ئايتىپ، ئەيلە مەقبۇل،
بايان ئەت، ئېردى ئول نە بىرلە مەشغۇل؟
چۇ بۇلبۇل بولدى ھازىر، تىندى غەيبەت،
قېنى ئول سىزدىكى ئەۋۋەلقى جۇرئەت؟
بايا غەيبەت ئېتەردە شىر ئېدىڭىز،
شۇ بۇلبۇل قانىغا شەمشىر ئېدىڭىز.
بۇ چۈشكۈن ھالىڭىز ئېرمەس زىيادە،
مىسالى ئول مۇشۇك، ساچقان ۋە بادە...

### مۇشۇك، ساچقان ۋە مەي ھىكايەتى

كېزىپ بىر كېچە ساچقان يالغۇز ئۆزى،
يىغاتتى ئۆزگە ئول رىزقى روزى.
ئۇ خەممار ئۆيىدە دان ئىزدەر ئېدى،
يېمەككە بىر ئۇۋاق نان ئىزدەر ئېدى.
كېزەركەن چۈن، كۆزى بىر خۇمغا تۈشتى،
شەرابى ناب ئېدى خۇم ئىچرە ئىچدى.
بىر - ئىككى قەترە ئىچدى، بولدى ئول مەست،
دېدى: ھەي، قايدا بار مەندەك زەبەردەست؟
چۇ مەندەك بارمىدۇر ئالەمدە بىر مەرد،
مېنىڭ ئالدىمدا ئول تۇپراق ئېرۇر گەرد.
جەھان ئەھلى ساۋۇت كەيسۇن بەيەكبار،
مېنىڭ ئالدىمدا ئول قالغۇسى ناچار.
ئالارمەن شۇ جەھاننى، قولدا شەمشەر،
سالارمەن شىرۇ يولۋاسلارغا زەنجىر.
بىرەر شاھ تەڭ كېلەلمەس زەلۋەرىمگە،
بىرەر تاغ مانىئ بولماس لەشكەرىمگە.
مۇشۇك بىزگە چاۋۇت سالمىشتى ئەۋۋەل،
ئەگەرچە باشىمىز ئالمىشتى ئەۋۋەل.
بويۇرغايمەن، ئۇنى تۇتسۇنلار ئارتۇق،
ۋە ئىبرەت ئەيلەسۇنلەر دارغا تارتۇق...
قاراڭكى، شۇ كېچە بەختىن سىنارغا،
ئاچىققان بىر مۇشۇك چىقمىشتى ئوۋغا.
ئۇشال ساچقان ھامان لاپ ئىچرە ئېردى،
مۇشۇك كەلدى - دە، ئاڭا پەنجە ئۇردى.
بىر - ئىككى ئەزدى ئانداق، زارۇ نالان،
مۇشۇكنىڭ قوللارىنى ئۆپتى ساچقان.
بەسى قاقشار ئېدى، ئاھ تارتار ئېردى،
ۋەلې قىيناق ئازابى ئارتار ئېردى.
كى شۇندا كۆكسىنى تىغلاپ دېدى ئول،
كۆزىدىن ياش قۇيۇپ، يىغلاپ دېدى ئول:
ئايا شاھى جەھان، ئەي شىرى ئالەم،
خۇدا ھەققى، رەھىم قىل ماڭا بىر دەم.
ئەگەر مەن يوق ئېسەم، سەن بار ئېرۇرسەن،
ئەگەر مەن زەررە، سەن زەلۋار ئېرۇرسەن.
مەگەر قانىمنى تۆكسەڭ، تۆك، ئادامەن،
ساڭا چۈن ئەيلەدىم باشنى پىدامەن.
خەتالىق ئۆتسە قولدىن، مەستۇ ئاسىرۇ،
ۋەلې نېئمەت ئۇنى ئەفۇ ئەيلەمەسمۇ؟
كى ئول مەستلىكتە مەن لاف ئۇردۇم، ئىللا،
ئۇ سۆزلەرنى تىلىمغا ئالمام ئەسلا.
مەگەر مەستلىك ئىلە ئەھلى خارابات،
دېگەيلەر نەچچە بىر مەستۇ خۇراپات.
كېچىپ، مەستلىك ئىلە سەپسەتە ساتتىم،
ئاداشتىم، ئەمدى كۆرگىن، يولنى تاپتىم.
كى ئەمدى بەندەئى كۆيۈڭ بولاي مەن،
تىرىك بولسام، دۇئاگويۇڭ بولاي مەن.
كېتەركەن قولدىن ئىش بولسا كىشى مەست،
ئۆزى بىلمەس نە دەپ سايرايدۇ سەرمەست.
ھىساب بەرمەس ئۆزگە ئايتقىنىدىن،
ئۆزى يۈز كەررە ئايتىپ قايتقىنىدىن.
گۇناھىمنى ئەفۇ ئەت، دوستۇ يار بول،
تەرەھھۇم ئەيلە ماڭا، غەمگۇزار بول...

### مۇشۇكنىڭ ساچقانغا جەۋاب بەرگەنى

مۇشۇك دېدى: ئايا، سەن توغرا دەرسەن،
ھەممىشە ئوغرى ئېردىڭ، ئوغرىدۇرسەن.
بەس ئەمدى، بىھۇدە دەم ئۇرما، جىم بول،
كېلىپ ئاتەشكە چۈن تۈشتۈڭمۇ، قورۇل.
نەسىھەت ئەيلەمىشتى ماڭا ئۇستاد،
ئۇشال ھىكمەتنى دائىم ئەيلەگۈم ياد.
دېمىشتى: شۇ سۆزۈم يادىڭدا تۇرسۇن،

ئۆزۈڭ پىل، دۈشمەنىڭ گەر پاشا بولسۇن.
دېمە ھېچ، ئەرزىمەس، شۇنداق يۈرەر ئول،
ئەزىز قانىتىڭغا بىر كۈن نىش ئۇرار ئول.
ئىشەنمە، قالماغىن غەفلەتدە، ناگاھ،
ئىتەرگەي جەرگە، بولغاي مەسكەنىڭ چاھ.
ئۇنۇتمام بۇ ئۆگۈتنى، چۈن ئاۋايلاپ،
قۇلاغىمغا تاقاپمەن ھالقا ئەيلەپ.
ئۈممىدىڭ ئۈز، سېنى قوللاۋچى قول يوق،
ئۆلەرسەن، ساڭا بۇندىن ئۆزگە يول يوق.
نېچۈن قويغۇم سېنى ساقۇ سالامەت،
يولۇڭنى پايلادىم مەن نەچچە مۇددەت...

### قۇشلارنىڭ مەھكەمەگە يىغىلىشقانى

كېلىشتى جەم بولۇپ قۇشلار سارايغا،
سارايىنى تولدۇرۇپ شاۋقۇن - سۈرەنگە.
كۆرۈپ بۇلبۇلنى لېك لال قالدى بارچە،
سۇكۇتكە پاتتى، بىھال قالدى بارچە.
سۇلەيمان دېدى: بۇلبۇل، ئايت سۆزۈڭنى،
چىقىپ مەيدانغا، كۆرسەتكىن ئۆزۈڭنى.
نېگە خاموش ئېرۇرسەن، ئەي سۇخەندان،
قېنى، تۆز سۆزلەرىڭدىن دۇررۇ مەرجان.
تىلىڭنى سۆزگە بۇر، ھالىڭنى ئايتقىن،
سەراسەر قىسسەيۇ قالىڭنى ئايتقىن.
شىكايەت قىلدى قۇشلار، كەل، ئايان ئەت،
نە ئىسپات ۋە دەلىلىڭ بار، بايان ئەت.

### بۇلبۇلنىڭ سۇلەيمانغا جەۋاب بەرگەنى

دېدى بۇلبۇل: سېنى، ئەي قىبلىگاھىم،
يامان سۆزدىن يىراق تۇتسۇن ئىلاھىم.
نېچۈك ھەم كىمگە ئايتاي بۇ ھەقىقەت،
ئەقىل سۆزنى ئاڭلارمۇ تەبىئەت؟
كىم ئېرمىش بۇ نەچچە پەژمۇردە دىللار،
ئاياغى لايغا پاتقان ئاي ۋە يىللار.
ئۇلار نەپسۇ تەمەدى كەچمەمىشلەر،
ۋىسالى يار شەرابىن ئىچمەمىشلەر.
تۇرارلار تاش قېتىپ، سۇرمەك قىيىندۇر،
ھەممىشە ئىشلارى ئەرمەك، ئويۇندۇر.
يىراقمەن، بىخەبەرمەن ھاللارىدىن،
ئۆزۈمنى چەتكە ئالغۇم قاللارىدىن.
ئالارمەن چەتكە چۈن ئاندىن نېرى يوق،
ئۇلاردىن ماڭا مۇنىس، مۇشتەرى يوق.
ئەگەر چەكسەم فەلەككە ئاھى دىلتەڭ،
يىقىلغاي بۇرجىدىن مىررىخۇ خەرچەڭ.
ۋە زۇھرا كۆكسىنى يىرتىپ ئېتەر چاك،
ئەتارۇد باشىغا تۇپراق چاچار، خاك.
تۇشەر گاھ چاھقا، گاھ كۆكتە نۇرئەفشان،
سۆزۈم سېھرى ئىلە، ئەي شاھۇ سۇلتان.
تىلەپ بەختىڭنى، ئەي دارى ئالەم،
كى ھەر لەھزە مۇرادىڭ كارى ئالەم.
دېگەيمەن بارچە قۇشلار كىردىگارىن،
بەيان ئەيلەپ مەگەر ھەرنەكى بارىن.
سەرسەر قىسسە ئايتىپ، سۆزلەيىن باز،
تاپالسام ئەرز ئېتەي دانىشۇ ئەئزاز...

### بۇلبۇلنىڭ سىمۇرغقا يۈزلىنىپ ئايتقانلارى

سەن، ئەي سىمۇرغ، ئەجەبسەن، بۇيلە بارلىڭ،
بۆلەك قۇشلار يولىغا يوق گۇزارلىڭ.
تامام ئۆمرۈڭ پەقەت ئۆي ئىچرە ئۆتدى،
قېنى، مەيدانغا چىق، مەرد بولساڭ ئەمدى.
ئەدەم دەرياسىغا غەرقسەن پۈتۈنلەي،
ۋۇجۇد سەھراسىغا چىقساڭ، نە بولغاي؟
جاھاندا بىرگىنە نامىڭ ئېرۇر فاش،
مەگەر سۈرەت ئېرۇرسەن، رەسمى نەققاش.
سېنى قۇشلارغا شاھ ئەتتى سۇلەيمان،
ئۇلارنى مۇشكىلىن سەن ئەيلە ئاسان.
ئەگەر سەردار ئېسەڭ، لەشكەرنى باشلا،
يوق ئېرسە، خاك بولۇپ، ئاتەشنى تاشلا.
يوق ئېرسە، بۇيلەكىم پەرۋا نە ساڭا؟
ئۆزۈڭ شەمئ، نەچچە يۈز پەرۋانە ساڭا.
نە شامدۇرسەن، نە پەرۋانە، نە قۇشسەن؟
نە ئاشناسەن، نە بىگانە، نە قۇشسەن؟
يۈرەرسەن دوستۇ يارسىز، بۇيلە يەككە،
يەپ - ئىچمەك بىرلە راھەت ئەيلەمەككە.

جامائەت بىرلە بولسالڭ، جەم بولۇرسەن،
جامائەتنىڭ چىراغى، شام بولۇرسەن.
خەلايىق بىرلە بول، ئەھلى خۇدا بول،
كۆرۈنمەس جان بولۇپ، تەندىن جۇدا بول.
ئەگەر كۆپلۈكتە سەن، ۋەھدەت تەلەپ قىل،
نەزەر ئول جىسمۇ جانى بۇلئەجەب قىل.
نېچۈن پەرۋانەسەن تەنها ئۆزۈڭگە؟
نېچۈن «مەن» ئىبتىدا بولدى سۆزۈڭگە؟
كىشى تەنها ئېسە، ئايتقىن، نە ئەتكەي؟
ئۇ يارۇ دوست ئىلە مەنزىلگە يەتكەي.
پەقەت ئول كىمسە تەنهالىقتا يۈرگەي،
كېچىپ گەر ئۆزدىن ئول زاھىرنى يۈرگەي.
ئېتەر ئول كىمسە تەنهالىق تەلەبكار،
ئۆزىگە بولماسا تۇتقۇن، گىرىپتار.
يوق ئېرسە، پايمال ئەيلەيدۇ شەيتان،
مەزەللەت چاھىغا جايلايدۇ شەيتان.
قالۇرسەن قۇل بولۇپ نەپسىڭگە، ئىللا،
بەلالار كەتمەگەي باشىڭدىن ئەسلا.

هىكايات

ئېشىتكەنتىم، چۇ نەقل ئەتمىش خىرەدمەند،
يىگىت ئېردى، مەكانى غارى ئەلۋەند.
ياشايتتى شۇندا ئول تەنها ۋە خامۇش،
مەگەر دەرۋىشكە ئوخشايتتى، نەمەتپۇش.
ئېتىپ سىمۇرغ كەبى سەبرۇ قانائەت،
يەقىن ۋەھدەتكەيۇ ئايرۇ جەمائەت.
ئۆزى پالاك، دىلى پاك ئولتۇراتتى،
ئۆزىگە تەشنا، بىباك ئولتۇراتتى.
ۋەلې پىرلەرگە خىزمەت ئەتمەمىشتى،
ئۇلاردىن ئاڭا تەلىم يەتمەمىشتى.
ئىلىمسىز يولغا يوق، بولماس نىهايەت،
بولۇرمۇ پادشاھلىق بىۋىلايەت...
چۇ ھەر كۈن كەلتۇرەتتى سىڭلىسى نان،
ئاڭا شۇ نان تىرىكلىك ئېردى دەرمان.
دېدى ئول بىر كۈنى سىڭلىسىغا، بەس،
كەلتۇرمە ماڭا نان، ئارتۇق كېرەكمەس.
خۇدايىم ماڭا لۇتف ئەتتى ئىنايەت،
ئېتەر ئول خىزمەتىمنى ئەمدى جەننەت.
يېگەيمەن، ماڭا دەپ ھالۋايۇ نانىم،
يىبەرگەي ھەر كۈنى دارىلجىنانىم...
ئېشىتكەچ بۇ خەۋەرنى مۇرشىدى پىر،
دېدى: شەيتان ئۇنى بەند ئەيلەمىشتۇر.
ئەسىر ئەتمىش ئۇنى ئىبلىسى تەلبىس،
ئەسەر ئەتمىش ئاڭا تەلبىسى ئىبلىس...
ئىشارەت ئەتدى سولڭ بىر كىمسەگە: بار،
بارىپ، باشدىن ـ ئاياغ ئاڭا رەزم سال.
دېدىكىم: بارچەدىن ئازادەسەن، فەرد،
سالام ئايتتى ساڭا پىر، ئەي جەۋانمەرد.
بولۇپسەن جەننەتىي، ئەلھەمدۇلىللاھ،
رەفىقۇ دوستلارىڭنى ئەسلىگىن گاھ.
دەرىغ تۇتماپتۇ ھەق لۇتفىنى سەندىن،
نەسىبە بىزگە ھەم ئاجرات ئۇشەندىن.
ئۇزاتتى كىمسەگە ئول نانۇ ھالۋا،
يوزى ھالۋا، ئىچى ئىپلاس ۋە رەسۋا.
كى پىر كۆردى ئۇنى، بۇجمايدى ئەپتى،
نىجاسەت ئېردى ھالۋا، نانى تەپپى...
كىشى گەر كۆرمەمىش بىر پىرى رەھبەر،
ئاڭا ئىبلىسى شەيتاندۇر بۇرادەر.
سالامەتلىك ئېسە گەر ساڭا پېشە،
پىرىڭنى مۇقتەدا تۇتقىن ھەمىشە.
يىگىت ئۆپسە بۇگۇن ئول پايى پىرلەر،
ئۇنىڭ ئىلكىنى سولڭ ئۆپكەي ئەمىرلەر.
ئۆزۈڭچە يولغا تۇشمە، بۇ خەتادۇر،
ئاداشساڭ يولدا، بۇ ئاسرۇ خەتادۇر.
قارا، ئورمان ياغىچى مېۋە بەرمەس،
مەگەركىم بەرسە ھەم ئول مېۋە ئېرمەس.
كىرىپ باغبان ياراتقان باغنى كۆرگىن،
تارالغان نوتىلاردا مېۋە شىرىن...
تەنىڭ قاپ، ئۇندا جانىڭ بار، سىمۇرغ،
بۇ سىمۇرغلۇقتا سەن ناچار، سىمۇرغ.
ھىجابتۇر كۇھىقاپىڭ، شۇ تەنىڭ، بەس،
ئۇنى تەرك ئەيلە، يول يۇرمەككە قويماس.
بىلىپ نامىنى، جاندىن بىخەبەرسەن،
ۋۇجۇدۇ جانۇ تەندىن بىخەبەرسەن.

كىتاب تور بېكىتى



ھەممە ئالەم تولا ئاسارى جاندۇر،
دىلۇ جان جۇملە ئالەمدىن نىھاندۇر.
ئۆزۈڭ سىمۇرغىسەنۇ باردۇر خارابىڭ،
ئۆزۈڭ خۇرشىدسەنۇ باردۇر نىقابىڭ.
شۇ كۇھىقابى جىسمىڭدىن گۆزەر قىل،
تىلەپ ئول مۇلكى روھانىي، سەپەر قىل.
ئەجەب قۇشسەن، بەلەندتۇر ئاسمانىڭ،
ئۇنۇتما كۆكتەكى ئول ئاشيانىڭ.
ئەگەر كەچسەڭ بۇ دامۇ دانەدىن سەن،
ئەزىزى دەستى ئول شاھانەدۇرسەن.
دادىل پەرۋاز ئېتىپ، تەرك ئەيلە تۇپرق،
سەماۋات قۇشلارىنى ئەيلە ئورتاق.
يوق ئېرسە، ھەر زەمان بىبالۇ پەرسەن،
بۆلەك قۇشلارغا ئوخشاش دەربەدەرسەن.
گاھى سۇدا يۈرۈپ سەرگەشتەدۇرسەن،
گاھى چاڭقاق كېزەرسەن، تەشنادۇرسەن...

### ھكايات

ئېشىتكەنتىم، پاشايتتى بىر زەمانى،
ئەمىر ھەمدە ۋەلىئەھد ئوغلى ئانى.
ئالىپ ياخشى – ياماندىن بارى ئىبرەت،
ئېشىتمىش ئېردى بەسكىم پەندۇ ھىكمەت.
دەر ئېردى: ئىستەسەڭ، ئوغلۇم، خەزىنە،
ھەمىشە كېكسەلەر پەندىنى تىڭلا.
نەسىھەت ئەيلەگەي دانا، خىرەدمەند،
ۋەلېكىن يەتمەگەي نادانغا ئول پەند.
ئوغۇل، ئاتاڭ دېگەننى ئەيلە مەقبۇل،
يامانلىقنى ساڭا كۆرمەس رەۋا ئول.
ئوغۇل گەر بىئەدەبتۇر، فەرزەند ئېرمەس،
ئەدەب گەر بەرمەسە، ئاتا دېيىلمەس.
گەر ئۆيلەنمەكنى ئەيلەر ئېرسەڭ ئارزۇ،
ئىلاھا، شاد بول، ھېچ كۆرمە قايغۇ.
مۇھەممەد دىنىدا تۇتقىن ئىمانىڭ،
كېلەر ھەر ئىككى ئالەمدە ئامانىڭ...
ئوغۇل دېدى: ئاتا، سەن سۆزلەدىڭ پەند،
رىئايەت ئەيلەمەم ئاڭا، يولۇم بەند.
خوتۇنلار تور ئېرۇر ئوۋ ئوۋلاماقتا،

تۇشۇرمە سەن مېنى شەيتان تورىغا.
ئاتا، ھەرگىز بۇ ئىشنى ئەيلەمەسمەن،
بۇ ئىشقا مەن كۆڭۈلنى باغلىماسمەن.
چۇ ئەقلىم بولماسۇن شەھۋەتكە بەندە،
ۋە ئەقلىم قالماسۇن داغۇ ئەلەمدە.
تىكەن كىرمىش ئاياغىمغا، ئازاب ئول،
بۇ ياڭلىغ تۇشتى ئىش باشىمغا مۇشكىل.
ئاتام «ئۆيلەن» دېسە، «ياق» دەيدۇ كۆڭلۈم،
مېنىڭ دەردۇ غېمىمنى يەيدۇ كۆڭلۈم.
ئىگەي باشىمنى كىمنىڭ ئەمرىگە مەن؟
دۇچار بولغۇم ئاتامنىڭ قەھرىگە مەن...
ئاتا دېدىكى: ئوغلۇم، قوي بۇ گەپنى،
يۈزۈڭنى بۇرمىغىن، بۇزما ئەسەبنى.
چىكارە ساڭا بۇل بازارۇ ئازار،
كۆڭۈلنى ئەتمە بۇ غەمگە گىرىپتار.
ھەمىشە پىشە قىل سەن ياخشىلىقنى،
كى مەردۇم خۇش كۆرەر گۆش ۋە ئىلىكنى...
كېيىن توي قىلدىلار، يەنى ئەرۇسىي،
كېلىشتى مۇئمىنۇ مۇغۇ مەجۇسىي.
بىرىنچى تۈندىلا ئىش بولدى پۇختا،
كېلىن سالدى كۈيەۋ باشىغا نۇختا...
ئەگەر ئاقىل ئېسە، بىر چارە قىلغاي،
باشىنى نۇختىدىن سېكىن چىقارغاي.
ئەگەر نادان ئېسە، ئۇ مۇبتىلاغا
نىجات يوق، ئۇچرادى تىيرى بالاغا...

### بۇلبۇلنىڭ لاچىنگە يۈزلەنىپ ئايتقانلارى

كەل، ئەي لاچىن، تۆمۈر چاڭگالۇ ئۇچقۇر،
مەقامۇ ئىززەتىڭگە بولما مەغرۇر.
مەكانىم شاھ قولى دەپ پەخر ئېتەرسەن،
ۋەلي شاھلار ئىشىدىن بىخەبەرسەن.
ئەگەرچە قولغا قوندۇرغاي سېنى ئول،
ۋەلي بىر كۈن ئۇلاقتۇرغاي سېنى ئول...
ئەگەر نەپسىڭگە چۇن ئەرك بەرمەسىدىڭ،
بېقىپ، ئالدىنى كۆرمەس بولماسىدىڭ،
نە بائىس كۆزلەرىڭ مۇنداق ياپارلار،
ئۆلەكسە ئەت بېرىپ دائىم باقارلار؟

نېچۈن ماتەمدەسەن، بەندى فىراقسەن؟
نېچۈن ئەسرارى ئاللاھتىن يىراقسەن؟
ئاياغىڭ باغلاغايلار كۈن دېمەي تۈن،
باشىڭغا كەيدۇرۇپ غەفلەت كۇلاھىن.
كۆزى كور كىمسەدەك غەم ئىچرەدۇرسەن،
قاراڭغۇ، تىيرە ئالەم ئىچرەدۇرسەن.
كۇلاھى غەپلەتىڭنى ئالسالار، ھەي،
ئۇچارغا ئاشىيانىڭ ئىچرە سەن شەي.
باقارسەن كۆككە چۈن ئەتمەككە پەرۋاز،
ۋەلې دەۋلەت يىپى تارار سېنى باز.
قانائەت گەر ساڭا يار بولسا ئېردى،
دىلىڭ ئازۇردە، ئەفگار بولماس ئېردى.
شۇ تۇتقۇنلۇقتا جان بەرگەن كۈنۈڭ ئول،
بولارسەن ھەزرەتى سۇلتانغا مەقبۇل.
جەھان سەييادلارىكىم سەن ئىلە شاد،
سەن ئېرسەڭ غەم چېكەرسەن، زارۇ ناشاد.
ئېتىپ تەرك ئاشىيانى ئالەمى جان،
كېلىپسەن، مەسكەنىڭ بۇل دەستى سۇلتان.
ساڭا مەيلۇ ھەۋادۇر بۇ مەكانىڭ،
سېنى بەند ئەيلەمىش ئول ھىرسى جانىڭ.
تۇرارسەن كور كەبى سەزمەي نەزەرنى،
كۆزۈڭ ئاچ، توغرا يولغا سال نەزەرنى.
باشىڭدىن ئال كۇلاھىڭ، كەيمە بىر ئان،
تەنىڭ زەۋقىنى دەپ كۆيدۇرمە كۆپ جان.
كېچىپ ھىرسۇ ھەۋادىن، بولماغىن دۇچ،
ئۇشال ئۆز ئاشىيانىڭ كۆزلەبان ئۇچ.
ئايا، سەييادى خۇنرىز، بولدى، بەس قىل،
ئۇچۇپ، قان تۆكمەكىڭ ئەمدى ئەبەس قىل.
چۇ بىئازار بولۇپ، كۆڭلۈڭنى خۇشلا،
ئەسل دىندار بولۇپ، كۆڭلۈڭنى خۇشلا.
كى ناھەق قان تۆكۈپ، ئوۋ ئوۋلادىڭ كۆپ،
ۋە روزى ئاقىۋەتنى داۋلادىڭ كۆپ.
ۋەلې بىرمەس ئامانلىق چەرخى گەردۇن،
قالۇرسەن ئاقىبەت ناكامۇ مەھزۇن.
چۇمۇلە ئۇچراسا گەر، بەرمە ئازار،
بۇ يولدا يۈرمەس ئول بىھۇدە، بىكار.
مەگەر دىۋانەسەن، چۈن دىۋى خەنناس،
قولۇڭدا چاڭگالىڭ چۈن تىغى ئالماس.

كى بىزگە بۇيلەكىم زورلۇق ئېتەرسەن،
ئەسل ئەرلەرگە دۇچ كەلسەڭ، نېتەرسەن؟
ئەگەر يۈزلەنسە دۈشمەن، بولما دىلتەڭ،
مۇرەسسە ئەتكىنىڭ خۇب، ئەتمىگىن جەڭ.
دېسەڭ، خەلقى جەھان ئەمرىمگە يۈرسۇن،
ئاياغىمغا كېلىپ باشىنى قويسۇن.
كۇلاھىڭ يەشكىنۇ ھىممەت ئېتىپ فاش،
ئۇلارنىڭ پايىغا قويغىن ئۆزۈڭ باش.
ئىلم بەھرىگە غەرق ئەتكىن غەزەبنى،
غەزەبكە مۇپتىلا ئەتمە ئەسەبنى...

### بۇلبۇلنىڭ تۇتىگە يۈزلىنىپ ئايتقانلارى

دېدى: ئەي سەن شەكەر يەپ كۈن دېمەي تۈن،
سىرە بىلگەيمۇسەن مەندەك جىگەرخۇن؟
فاساھەتكىم ساتارسەن، بىمالاھەت،
مالاھەتسىز بولۇرمۇ ھېچ فاساھەت؟
ئەگەر ۋەيساقى، نادان قۇشمەس ئېردىڭ،
بولۇپ تۇتقۇن، قەپەسكە تۇشمەس ئېردىڭ.
ساڭا سۆز سۆزلەمەك ئۆگەتتى ئۇستاد،
ئېلىپ كۆزگۈ يۈزۈڭگە تۇتتى ئۇستاد.
ئۇشال ئائىنەدە كۆردۈڭ ئۆزۈڭنى،
بىرەۋدىن تىڭلادىڭ ئايتار سۆزۈڭنى.
چۈشەنمەستىن ۋەلې كۆزگۈ نە دەردى،
ساڭا ئەقلۇ خىرەد بىگانە ئېردى.
دەرىغا، بۇيلەكىم كۇلفەتتە قالدىڭ،
كى ئۇستاز سۆزىدىن غەفلەتتە قالدىڭ.
چىقىپ ئائىنەدىن، قەددىڭ تۇتۇپ غاز،
قەفەستىن پارچىلاپ، ئەت كۆككە پەرۋاز.
مالاھەتسىز سۆزۈڭگە بولما مەغرۇر،
ھۇنەرمەند دەپ ئۆزۈڭگە بولما مەغرۇر.
چاپانىم زەرنىگار دەپ كەتمە ئۆزدىن،
كى ئۇنداق نى لىباسلار كەچتى كۆزدىن.
جەھان ئىلمىنى ئۆگەن، بولماغىن كەم،
گەر ئىشقىڭ بولماسا، بولماس سەمەر ھەم.
ئۆزۈڭچە يولغا چۈشمەكىڭ مەلاھەت،
يېتەكچى بولسا گەر يولدا كاپالەت...

### ھىكايات

ئېشىت، ئۇستازى كامىل بۇيلە دەردى:
مۇرۋۋەت شەھرىدە مەكتەپ ئوقۇردى.
نەبىي تەلىم ئالىپ ئەقلۇ پائالدىن،
زەبانى ھال، رەۋشۇ رايى قالدىن...
بۇنىڭ ياقىن مىسالىن كەلتۇرەي مەن،
جەۋاھىرغا بىساتىڭ تولدۇراي مەن.
بويۇر، ئامادە قىل ئۇستادى كامىل،
ۋە ئەتسۇنلەر تىنىق ئايىنە ھازىر.
كەلتۇرسۇنلەر نەچچە بىر تۇتىلارنى،
شەكەرگە تويدۇرۇپ ئەۋۋەل ئۇلارنى.
ماتا ياپسۇنلار ئول ئايىنە ئۈزرە،
ۋە ئۇستاد باشلاسۇن مەشقىنى سوڭرە.
باقىپ قۇش كۆزگۇدە كۆرگۇسى ئۆزنى،
ۋە تەكرار ئەيلەگەي ھەرنەكى سۆزنى.
شۇ تەقلىد بولغاي ئول بۇررا، سۇخەندان،
مەلەك ـ ئۇستاد ئېسە، ئول تۇتى ـ ئىنسان...
سىمۇرغمۇ ياكى بۇلبۇل يا چەكاۋەك،
ئۇ قۇشلار ئىچرە باردۇر تەئبى زىرەك.
بەشەر ئىچرە نەبىيلەر سۆزنى دەرمىش،
بىلەمسەن، كىم ئۇلار ئۇستازى ئېرمىش...
مەلەك كەلگەي، ئۇلارغا ئۆگىتەر سۆز،
دېمە، ئايىنە ئارتىدىن يېتەر سۆز.
نەبىيگە ئۆگىتەر چۈن ئىلمۇ ئەسرار،
نەبىي ئەيلەر كېيىن ئول سۆزنى تەكرار...

### ھىكمەت

ئۆلۈپ، تا كەچمەگەچە سوڭ نەفەستىن،
ئايا تۇتى، قۇتۇلمايسەن قەفەستىن.
چۇ سۇرەتلەر سېپىگە، قۇرغا تۇشتۇڭ،
شۇ ياڭلىغ سەن توزاقۇ تورغا تۇشتۇڭ.
ئۆل ئەمدى، لەززەتۇ تەركى شەكەر قىل،
چۇ سىمۇرغ جۇملە ئالەمدىن گۇزەر قىل.
شەكەر تەركىنى ئەتسەڭ قارچىغاۋار،
ئۇ ھىندىستانى روھانىي بولۇر يار.
يوق ئېرسە، بىخىرەد، بەختى قاراسەن،
سوقۇپ بىر كىمسەدەك تۇپراق ئاراسەن.
تۇشەرسەن يەرگە چۈن بىھالۇ بىھوش،
مىسالى بىقانات، بېشى كېسىك قۇش...

### بۇلبۇلنىڭ تاۋۇسقا يۈزلىنىپ ئايتقانلارى

ئايا، سەن تونى رەڭگىن، كۆزلەرى قوۋ،
يۈزۈڭ تۇركۇ ئاياغىڭ مىسلى ھىندۇ.
تەنى تونۇ لىباسلىق، جانى ئۇريان،
لەبى پۇرخەندەيۇ لېك كۆزى گىريان.
ئارتىماي سىيرەتى ئايىنەدىن زەڭ،
بېرىپسەن سۇرەتى ئايىنەگە رەڭ.
تۈمۈرنى ئەتسەلەر زەردىن زەرەندۇد،
ئۇشال رەڭگى ئۇنى ئەتكەيمۇ نابۇد؟
زىرۇ زىنۇەر ئاڭا ئەتمەس كىرايى،
ئاچىلغاي بالغا زەبىدىن چىرايى.
نېچۈن بۇ بىسەفا رەڭگىڭ ساتارسەن،
ئاياغىڭنى ئۇلۇستىن بەركىتەرسەن؟
نوقۇل كۆز ـ كۆز ئېتىپ ھۆسنۇ ئەدايىڭ،
ئاشۇ قاپ ئۈزرە ھەم يوقتۇر ۋەفايىڭ.
نە خۇشتۇر بولسا نامۇ بولسا نامۇس،
ئەجەبتۇر بولسا پايۇ بولسا تاۋۇس.
ئايا، قەدرىڭنى بىل، بارلىقنى تەرك ئەت،
يۈرۈپ يوقلۇق سارى، دەشتى فەنا ئەت.
قاچانكىم ئول ئاياغىڭ ياد ئېتەرسەن،
كۆڭۈلنى جىلۋەدىنمۇ شاد ئېتەرسەن؟
چۇ بۇلبۇل تاشلا ئول رەڭگىن تونۇڭنى،
ۋە لاچىندەك كىيىپ ئال چىن تونۇڭنى.
نە رەڭگىڭ قالغايۇ نە بالۇ نە پەر،
كى مەغرۇر بولما ئول رەڭگىڭگە، ئالدار...
نە خۇش ئىززەت ئېمىشدۇر ئول، نە تەقدىر،
ئىشەنچىن ساڭا ئىزھار ئەيلەسە پىر.
نە نەپ كەلگەي، بەيان ئەت، ئەيلەگىن فاش،
كى سالسا نەقشىنى ھامامغا نەققاش.
ئۇشال رەڭگىڭگە مەغرۇر، تۇمتاراقسەن،
ۋە شاھى ھەزرەتىڭدىن ھەم يىراقسەن.
ھەمە رەڭگىڭ ئىلە بۇنداق بىسەمەرسەن،
ھەمە ئەترىڭ ئىلە بىزدىن بىخەبەرسەن...



www.nurkitap.com

كەل ئەمدى، شەھۋەتۇ نەفسىڭنى تاشلا،
كېچىپ ئاندىن، ئۆزۈڭنى يولغا باشلا.
قويۇپ ھەرسىڭنى، رەڭگىن خانەدىن كەچ،
ئاشۇنداق ئارزۇيۇ ئەفسانەدىن كەچ.
چۇ شەھۋەت رەڭگىنى بىرەڭ ئېتەرسەن،
جەھاننى كۆزلەرىڭگە تەڭ ئېتەرسەن.
ئەگەر كۆڭلۈڭ ئۆيى ئېچىن قارادۇر،
نە نەپ باشىڭدا گەر زەررىن كولاھتۇر...
چۇ زىننەت ئىچرەدۇر دۇنيايى تاۋۇس،
قارا كەيگەي ئۇنى دەپ ئەھلى نامۇس.
قۇۋانما، ئامەتىڭ گەر يۈزمۇ يۈزدۇر،
كى ياخشىيۇ يامان كۈن ئىزمۇ ئىزدۇر.
قۇۋانچ، قايغۇدا ھەم يوق جاۋىدانلىق،
ھەياتتا ياخشىلىق باردۇر، يامانلىق...

### بۇلبۇلنىڭ كەلخەتكە يۈزلىنىپ ئايتقانلارى

كەل، ئەي قۇش، ناقىسۇ ئالۇدە مىنقار،
نېچۈن ئۆمرى ئەزىزدىن غەفلەتىڭ بار؟
دەرىغا، ئەيلەدىڭ ئۆمرۈڭنى بەرباد،
جەھاندا بىر نەفەس ھەم بولمادىڭ شاد.
پەرىڭدە بولسا ئېردى ئىلمۇ دانىش،
قاناتىڭدا مەگەر بولسىيدى بىنىش،
چىقاتتىڭ ئول دەرىخى جاۋىدانغا،
ئەسىر بولماستىڭ ئەسلا بۇ مەكانغا.
ئايا قۇش، ئاشىيانىڭ ئېردى ئاسمان،
سەن ئېرسەڭ، تەمتىرەپ شۇ يەردە سەرسان.
يىراق دەپ ئامەتىم، سۇسلاشماغىن، بەس،
گۆدەكلەر پەيلى چاللارغا ياراشماس.
ئۇچارسەن كۆكتە، لېك ئازار يېگەيسەن،
كەمئازارسەن، ۋەلې مۇردار يېگەيسەن.
ئۆلەكسە ئىزدىگەيسەن يەردە يەككەش،
قىياپەڭ ئىت سىفەت قۇزغۇنغا ئوخشاش.
ئولتۇرما ئىت ئىلە، قۇزغۇننى قويغىن،
بارىپ، ئول گۈلشىنى سىمۇرغنى كۆرگىن.
دىلىڭ ھۇشيار، ئۆزۈڭ ئەبگار ئېرۇرسەن،
ئۆلەكسە خورلىقىڭدىن خار ئېرۇرسەن.
نېچۈن، ئايت، مۇردا يەپ سەن مۇنچە خامۇش،
باشىڭدا تاج ئەمەس ئول ئىلمۇ دانىش؟
نېچۈن ئاشىق ئەمەسسەن لالە يۈزگە،
تەرىگىلىك قايدا ئاشىقلىقتىن ئۆزگە؟
ئىچىپ مەي، مەست ئېسەڭ، ھۇشيار بولۇرسەن،
ۋە ئۆمرۈڭدىن ئۆزۈڭ بىزار بولۇرسەن...

### بۇلبۇلنىڭ نەسھەتى كەلخەتكە مەئقول بولغانى

مېنى بەندىتىن خالاس ئەت، ئەي خىرەدمەند،
ماڭا قەھرۇ ئىتابتىن سالما سەن بەند.
يېقىرلىق دوپپىسىن كەيدۇرمە باشقا،
يېتەر، ھىرسۇ ھەۋەسنى ئايتما باشقا.
مىسال ئايتساڭ، ئۆزۈڭدىن ئەيلىگىن فاش،
مەگەر نان ئورنىغا تۇتقۇزمىغىن تاش.
تۆبەن، پەس كىمسەگە يەر - ئاسماندۇر،
بۈيۈكلەر قەسرىدە كۆك ئاستاندۇر.
ئېشىتكىن سىدقى دىلدىن بۇ سۇخەننى،
بۇ سۆزگە سەن پىدا ئەت جانۇ تەننى.
يېتىمشە پۇرسەتىڭ، ئىشتا سەمەردۇر،
پۇشەيمان بولماقىڭ سوڭ بىسەمەردۇر.
يورۇتقىن دىل چىراغىڭ جانى شامدىن،
ئۇسۇلى پەننى ئۇستازلاردىن ئۆگەن.
گەر ئۇستاز خىزمەتىن جاندىن قىلۇرسەن،
ئۆزۈڭ ھەم بىر كۈنى ئۇستاز بولۇرسەن...

### بۇلبۇلنىڭ ھۇدھۇدقا يۈزلىنىپ ئايتقانلارى

كەل، ئەي ھۇدھۇد، ئۆزۈڭ ساھىب ھىدايەت،
ئايانتۇر ساڭا ئەسرارى ۋىلايەت.
قەباپۇشسەن، ۋەلې دەرد يوق دىلىڭدا،
كولاھىڭ بار، جاسارەت يوق قولۇڭدا.
يېشىپ ئات زەر تونۇڭ، رەڭگىن قەبانى،
ئۇلاقتۇر باشتىن ھەم زەررىن كولاھنى.
كىشى بولغاي سازايى تاجدار ئول،
كى بولسا ئەسلى - نەسلى شەھرىيار ئول.
كىشى بولسۇن ئۇلۇسنىڭ پادشاھى،
دىلىدا بولسا گەر نۇرى ئىلاھى.

مۇرەققەئپۇشسەنۇ تاجىڭ مۇرەسسەئ،
مۇرەسسەئ تاجغا نە لايىق مۇرەققەئ؟
تەرىقى پادىشاھلىق ئەقلۇ دادتۇر،
سىنىڭ ئىلكىڭدە يالغۇز يەل، ھەۋادۇر.
ئۇچۇپ سەن ھەم تىرىگلىك شاخىغا قون،
قالۇرسەن يوقسە شۇ مەسكەندە مەھزۇن.
ئۆزۈڭدىن ئارتمىسا گەر سەندە ھىممەت،
شۇ ئاسماندىن بەلەندتۇر مەندە ھىممەت.
چىكەرمەن باغ ئارا مەن نالەيۇ زار،
سىنىڭ جايىڭ نوقۇل دەشتۇ تىكەنزار.
سۇلەيمانغا سەن ئەيلەپ بىۋەفالىق،
مېنىڭ كۆڭلۇمدە ئول خەيرۇ دۇئالىق.
ئەمىرلەر ئەمرىگە بىلمەسمۇسەن، ھاي،
خىلاف ئىش تۇتسا ئادەم، ئاخىرى ۋاي.
خارابات ئىچرە گەر، بولغاي ئىدى ئوڭ،
تۆكۈپ قانىڭنى، تۇمار ئەتسەلەر سوڭ.
ئىسكەندەر شاھ ئىدى، شاھى جەلالەت،
باشىدا تاجى ـ تىمسالى ئادالەت.
يوقات تاجىڭنى، ئول تىمسالى بىداد،
كى بىدادلىق ئىتەر تاجىڭنى بەربات...

## ھۇدھۇدنىڭ بۇلبۇلغا جاۋاب بەرگەنى

دېدى بۇلبۇلغا ھۇدھۇد: ئەي فەرشان،
نېچۈن ئەتدىڭ ئۇلار كۆڭلىنى ۋەيران؟
ئىلمىسىزسەن، ئىتەرسەن دىننى بەرباد،
ئىلمىسىزلىكتىن ئەلگە زۇلمۇ بىداد.
يارالاپ دىلنى مۇنچە ئەيلەمە خۇن،
قازاندەك قايناماسدىن سالما شاۋقۇن.
سەنەملەر ئىشقى چۈن گەنجى رەۋاندۇر،
گۇزەلدۇر دىلدا گەر بارى نىھاندۇر.
بار ئەمدى، ئىشق ئارا يان ياڭراتىپ ساز،
ۋەلې ھەر كىمسەگە سەن سۆزلەمە راز.
خالاس ئەت بەندى جاندىن ئۆزنى، قايتما،
ئۇشال ئەسكى ھىكايەتلەرنى ئايتما.
ھىكايەت ئايتىلىپ گەر بولسا تەكرار،
ئىشىتمەكتىن بولۇرلار بارچە بىزار.
دېمىلگەي يېڭى سۆزكىم، گۇل ئاچىلغاي،
نېچۈن ئەسكىنى تەكرار ئەيلەمەك، ھاي.
بار ئەمدى، سۆزلەگىن ئاشۇبۇ سەۋدا،
گەر ئىلمىڭ بولسا، ئەتكىن ئاشكارا.
بايان ئەت بىزگە ئول ھەر نەكى بارىڭ،
چىقىپ مەيدانغا كۆرسەت ئىقتىدارىڭ.
نېچۈن بىھۇدە سۆزنى پىشە قىلدىڭ،
نە بائىس بۇيلەكىم ئەندىشە قىلدىڭ؟
ھەدىسىم دوستۇ ياردىن داستاندۇر،
خىتاب ئۆزرە خىتابىم بوستاندۇر.
ئايا، سەن چەكمە فەرياد، ئال گېپىمنى،
يۈزۈڭدە كۆر ئۇشال ئەيۇل يەقىننى.
ئەگەر بىر نۇقتەغە ئاچسام زەبانىم،
قالۇرلار باغۇ بوستان قۇشلارى جىم.
كى ئەۋۋەل باشدا مەن تەۋھىد سورارمەن،
كېيىن ئىمان، كېيىن تەجرىد سورارمەن.
ساڭا ئەۋۋەل سۆزۇم ـ ئەسرارى زات ئول،
ۋە سوڭغى ماجەرا بولغاي سىفات ئول.
كېلىپ ئولتۇر ـ دە، باشلاپ سۆزلەگىن تا،
نېچۈك ئىزىدكە يوقتۇر تەڭۇ ھەمتا...
ئىشىتتى، قالدى بۇلبۇل لال، زەبۇن ھەم،
ۋە گۇل ئىشقىدا ئانداق سەرنىگۇن ھەم.
ئۇ ھۇدھۇد پايىغا باش قويدى ئانگاھ،
خات قىلدىم، دېدى، ئەستەغفىرۇللاھ.
دىلىمغا سالدى داغىن دەردى ھىجران،
شۇنىڭچۈن سۆزلەدىم ئاچچىق، فەرشان...
پەيەمبەرگە دېدى: ئەرزىمنى ئايتاي،
ئىجازەت ئەيلەسەڭ، يارىمغا قايتاي.
بۇ ھىجران دەردىن ئايتىشقا زەبان يوق،
چۇنان بولدۇمكى، گويا مەندە جان يوق.
ئىتەلمەس ساڭا بۇ دىۋانە خىزمەت،
ئادا ئەتمىش ئۇنى دەردى مۇھەببەت...
سۇلەيمان دېدى چۈن ئەيلەپ تەبەسسۇم،
كى ھالىڭ بىزگە باشتىن ئىردى مەلۇم.
دېدى قۇشلارغا: يۈرسۇن ئىشقىدا ئول،
سەبىر يوق سىزدە گەر سۆز ئايتسا بۇلبۇل...
چۇ بۇلبۇل تەرك ئىتىپ قەسرى سۇلەيمان،
رەۋانە بولدى ئول سۇيى گۇلىستان.

ۋە يار ۋەسلىگە بولدى مۇنچە مەسرۇر،
قىيىندۇر سۆزلەمەك، ئەتمەك تەسەۋۋۇر.
ۋە «بۇلبۇلنامە» ھەم پىتتى بەتەۋفىق،
ئۇنى ھەق ئەھلى ئەتكەي بارى تەھقىق.
ئايا ئەتتار، چۇ ئىشق ئەھلىگە جانسەن،
دىلىڭ ئاگاھ، ئاتايى غەيبدانسەن.
خۇداۋەندا، ئۇزۇڭ مەئبۇدۇ يەزدان،
ئېشىتكۇچى، كۆرگۇچى، فەردۇ رەھمان.
كەچۇرگىن شۇ گۇناھى جۇملە ئالەم،
كەچۇر مەندەك زەئىفۇ خەستىنى ھەم.
بەسىي سۆز سۆزلەدىم، ئايتتىم ھىكايەت،
ھىكايەت سوڭىغا يەتتى نىھايەت..

خاتىمە

بۇ جان شەرھىنى گەر ئىدراك ئېتەرسەن،
قەدەملەپ، يەتتە ئاسمانغا يېتەرسەن.
يوق ئېرسە، سۆزلەدىم ھەرنەكى ئەسرار،
چۇ ئاخشام ئالدىدا ئول بويى گۇلزار.
نە نەپ ھەر كىمسەگە ئايىنە تۇتماق،
كۆزى كور كىمسەگە ئايىنە تۇتماق؟
ئۆزۈڭ شەھباز ئېرۇرسەن، قەھرۇ شەھۋەت
ئارا تۇتقۇن ئېرۇرلەر ئەھلى غەفلەت.

ئۆزۈڭ سوزغىن ئۇلارغا ئەمدى قولنى،
ۋە كۆرسەتكىن ئۇلارغا توغرا يولنى...

مۇناجات

خۇداۋەندا، ئۆزۈڭ دانايى ئالەم،
مۇسەللەم، سانىا ئالەم، جۇملە جان ھەم.
نە ئالەم ئېردى، نە زەرراتى ئالەم،
نە گىيتى ئېردى، نە ئىبلىس، نە ئادەم.
ئەجەب ئىش ئەيلەگەن پەرۋەردىگارسەن،
بوياقسىز، بىقەلەم سۇرەتنىگارسەن.
گىلى ئالەمنى ئۆز ئىلكىڭ ئىلە قاردىڭ،
يازىپ ھەر كىمگە بىر قىسمەت يىباردىڭ.
بىرەۋنىڭ يەتكۇزۇپسەن كۆككە باشىن،
بىرەۋنىڭ سەل ئېتىپسەن كۆزدە ياشىن.
گۇنەھىم ھەر نېچۇك ساندىن زىيادە،
ۋە لېكىن رەھمەتىڭ ئاندىن زىيادە.
كەچۇر ئەتتار گۇناھىن، ئەي خۇداۋەندە،
ئۇنىڭ جانىنى ئاسرا غەفلەتىڭدىن.
ھەكىمدۇرسەن، ئەلىمدۇرسەن، قەدىمسەن،
غەفۇردۇرسەن، شۇكۇردۇرسەن، ھەلىمسەن.
كۇتەرلەر رەھمەتىڭنى جۇملە ئالەم،
خۇدادۇرسەنكى، رەززاقۇ مۇكەررەم..

(ئۆزبېكىستان «تەمەددۇن» نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئەسرارنامە»
ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)
(نەشرگە تەييارلىغۇچى پەيزاۋات ناھىيە ئىتتىپاق 1 ـ ئۇلتۇراق رايونىدا)

قۇربانجان ئابدۇقادىر

# «كۇللىياتى مەسنەۋىي خەراباتى» ۋە ئۇنى نەشرگە تەييارلاشقا دائىر بايانلار

## خەراباتىي ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى

### 1. بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلەر

بىزدە مەۋلانا خەراباتىي ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەر ئۇنچە كۆپ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەتقىقاتلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىلىرىدا بەزىبىر مېتودولوگىيەلىك مەسىلىلەر ۋە سەۋەنلىكلەر مەۋجۇت. تۆۋەندە خەراباتىينىڭ كىشىلىكى، ئىجادىيىتى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلاردىكى ئىزدىنىشلەر بايانىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتىدىغان بەزى نۇقتىلار بۇ پىكرىمىزنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

خەراباتىي ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئالغۇچى شەخس سۈپىتىدە ئەزىز ساۋۇت ئەپەندىنى تىلغا ئېلىش زۆرۈر. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» (ئەينى چاغدىكى «تارىم ئەدەبىياتى»)نىڭ 1980 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خەراباتى» ناملىق ماقالىسى ۋە شۇ ماقالىسىنىڭ كېيىنكە ئۇلاپ ژۇرنالنىڭ بىر قانچە سانىدا بەرگەن «مەسنەۋى خەراباتىي»دىن تاللانمىلار بىلەن بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ پەردىسىنى ئاچتى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا نەشرگە تەييارلىغان «مەسنەۋىي خەراباتىي» 1986 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ ئەلۋەتتە جاپالىق ھەم شەرەپلىك خىزمەت ئىدى. ئەمما مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، كىتابنىڭ بۇ نەشر نۇسخىسى خېلى زور دەرىجىدە قىسقارتىلغان بولۇپ، ئەسلىي كىتاب ھەجمىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلەتتى.

ئەزىز ساۋۇت ئەپەندى يۇقىرىقى ماقالىسىدە، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ بەش ـ ئالتە كىلومېتىر جەنۇبىدىكى ئىگەچى يېزىسىنىڭ چوغتال كەنتىدە «ھاجى خەراباتىي مەقبەرىسى» ناملىق بىر مەقبەرىنىڭ بارلىقى؛ شۇ چاغدىكى 96 ياشلىق مەتىمىن شەيخنىڭ بايانىچە، مەزكۇر مەقبەرەنىڭ ئىككى ئەسىرچە تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى؛ خەراباتىينىڭ يەتتىنچى نەۋرىسى بولغان نۇرانىخاننىڭ ئېيتىشىچە، بۇۋىسى خەراباتىينىڭ يېتىشكەن ئالىم ۋە شائىر ئىكەنلىكى؛ خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەر ۋە «ھاجى خەراباتىي مەقبەرىسى

تەزكىرىسى»دىكى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، خەراباتىينىڭ تەخمىنەن 1638 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1730 ـ يىلى 92 يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى؛ ئۇنىڭ «كۇللىياتى مەسنەۋىيى خەراباتىي» ناملىق ئەسىرى بولغانلىقى ۋە بۇ ئەسىرىنىڭ تۇرلۇك قول يازمىلىرىنىڭ ھازىرمۇ ئاقسۇدىكى بەزى شەخسلەرنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى قاتارلىق نۇقتىلاردا توختىلىپ ئۆتكەن. يەنە مەزكۇر ماقالىدە، «مەسنەۋىيى خەراباتىي»نىڭ ئىدەيەۋى مەزمۇنلىرى ھەققىدە بىر قىسىم تەھلىللەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «ھاجى خەراباتىي مەقبەرىسى تەزكىرىسى» توغرىسىدا مەخسۇس تېما ئېچىپ توختالغان ماقالە مۇئەللىپى مەزكۇر تەزكىرىنى ئۆزى كۆرگەن تۇستە پىكىر بايان قىلغانلىقى ئۈچۈن، خەراباتىينىڭ كىشىلىكى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە مەزكۇر ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان ئۇچۇرلار كىشىگە ئىنتايىن پاكىتلىقتەك تۇيغۇ بېرەتتى.

ئەمما ئەزىز ساۋۇتنىڭ مەزكۇر ماقالىسىدە، بەزىبىر تەخمىنلەرگە ۋە مېتودولوگىيەلىك خاتالىقلارغا يول قويۇلغانلىقى كېيىنچە مەلۇم بولدى. يەنى، ھۆرمەتجان فىكرەت 2011 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلغان «خەراباتىي ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى» ناملىق كىتابىدا يېزىشچە، ئۇ ئۆز تەتقىقاتىنىڭ زۆرۈرىيىتى تۈپەيلى 2002 ـ يىلى ئەزىز ساۋۇت تىلغا ئالغان «ھاجى خەراباتىي مەقبەرىسى تەزكىرىسى»نى كۆرۈش ئۈچۈن ئاقسۇغا ئەزىز ساۋۇتنى ئىزدەپ بارغاندا، ئەزىز ساۋۇت ئۇنىڭغا بۇنداق بىر تەزكىرىنى ئۆزىنىڭمۇ كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى، پەقەت شەيخنىڭ بايانلىرىدىن شۇنداق بىر تەزكىرىنىڭ بۇرۇن بولغانلىقىنى قىياس قىلىپ، ماقالىدە ئۆزى كۆرگەندەك تۇستە يازغانلىقىنى ئېيتقان①. دېمەك، بۇنىڭدىن ئەزىز ساۋۇتنىڭ خەراباتىي ھەققىدىكى بەزى ئۇچۇرلارنى يازما مەنبەلەرگە تايانماستىن ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ۋە بەزىبىر تەخمىنلەرگە يول قويغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇنداق دېيىش ئارقىلىقلا شۇنداق بىر تەزكىرىنىڭ بولغانلىقىنى بىراقلا يوققا چىقىرىش، شەيخ ۋە خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىنى ئاساسسىز دېيىش توغرا ئەمەس. پەقەت بەزىبىر كونكرېت ئۇچۇرلارنىڭ خاتا بولۇش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكچى خالاس.

ئەگەر بىز يەنە ئەزىز ساۋۇت تەرىپىدىن 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «مەسنەۋىيى خەراباتىي»غا نەزەر سالىدىغان بولساقمۇ، ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشنىڭ مۇئەييەن بىر ئىلمىي پىرىنسىپ بويىچە بولمىغانلىقى، ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئۇنىڭ ئەينى دەۋردىكى تىل ئالاھىدىلىكى قىلچە نەزەرگە ئېلىنمىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇلار مەزكۇر كىتاب ھەققىدە زۆرۈرىيەت تۈپەيلى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن نۇقتىلاردىنلا ئىبارەت بولۇپ، يازمىمىزنىڭ ئاساسىي مۇددىئاسى بولمىغانلىقتىن مۇشۇلار بىلەنلا چەكلىنىمىز. ئەمما مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەزىز ساۋۇتنىڭ بۇ ساھەدىكى ئىزدىنىشلىرىنى يوققا چىقارساق بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەكسىچە مانا مۇشۇنداق سەۋەنلىكلىرى بىلەن مەزكۇر ئەمگەكنىڭ «تۇنجى»لىق ئالاھىدىلىكى ئېغىمۇ گەۋدىلىنىدىغانلىقىدا گەپ يوق.

شۇنىڭدىن كېيىن، خەراباتىي ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە ھەرخىل شەكىلدىكى ئىزدىنىش نەتىجىلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇ جەھەتتە تىلغا ئېلىش زۆرۈر بولغان تەتقىقاتلاردىن بىرى مەرھۇم پىروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ 1987 ـ يىللىق «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 18 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە ئوقۇلغان شىكايەتنامە» ناملىق ماقالىسىدۇر. مەزكۇر ماقالە خەراباتىينىڭ ئىجادىيەت تېمىلىرى ۋە ئىدىيەۋى مەزمۇنى ھەققىدىكى لوگىكىلىق پىكىرلىرى بىلەن بىرقەدەر سالمىقى بار تەتقىقات ھېسابلانسىمۇ، ئەمما شائىرنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئەسلىي مەنبەسىدىن

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي بايانلارنى ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەتنىڭ 2011 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «خەراباتىي ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 11 ـ، 12 ـ بەتلىرىدىن كۆرۈڭ.

يىراقلاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش خاھىشى ۋە شائىرنىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ھەمدە ئەسىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقىتلىرى توغرىسىدىكى پاكىتلارنىڭ ئەزىز ساۋۇت ئوتتۇرىغا قويغان تەخمىنلەر پېتى تەكرارلىنىشى بىلەن كۆڭۈلمىزنى غەش قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى دەرسلىكلىرى ۋە خەراباتىيغا ئائىت يېزىلغان ماقالىلەر ئەزىز ساۋۇتنىڭ دەسلەپكى ئەمگەكلىرىنى مەنبە قىلغان ھالدا يېزىلغاچقا، خەراباتىينىڭ كىشىلىكى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدىكى تەخمىنلەرگە ئىزچىل يول قويۇلۇپ كېلىنىدى، ھەتتا خەراباتىينىڭ ئىسمى، ئەسىرىنىڭ نامى دېگەنگە ئوخشاش ئاددىي مەسىلىلەردىمۇ كۆپلىگەن سەۋەنلىكلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلدى.

خەراباتىي تەتقىقاتىنى ئۆزگىچە بىر پەللىگە كۆتۈرگەن كىشى ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەتتۇر. ئۇنىڭ بۇ ساھەدە قىلغان ئەمگەكلىرىدىن «خەراباتى ئىجادىيىتىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئاساسىي يۆنىلىشى»①، «مەسنەۋىيى خەراباتىينىڭ قول يازما ۋە تاش باسما نۇسخىلىرى»② قاتارلىق ماقالىلەرنى؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «خەراباتىي ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى»③، تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «مەسنەۋىيى مەۋلانا خەراباتىي»④ قاتارلىق كىتابلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئاپتورنىڭ ئالدىنقى ئىككى پارچە ماقالىسى بىر تەرەپتىن خەراباتىي ئىجادىيىتىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئىجادىيەت خاھىشى شۇنداقلا تېماتىك ئىدىيەلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە توغرا بىر مېتود ۋە تەتقىقات ئەخلاقىنى نامايان قىلىش بىلەن دىققىتىمىزنى تارتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزبېكىستان ۋە رايونىمىزدا ساقلىنىۋاتقان خەراباتىي ئەسەرلىرىنىڭ قول يازما ۋە تاش باسما نۇسخىلىرى ھەققىدە تەپسىلىي ئۇچۇر بېرىش بىلەن بىللە يەنە شۇ چاغقىچە بولغان ئىزدىنىشلەردە خەراباتىينىڭ «مەسنەۋىيى خەراباتىي» ياكى «كۇللىياتى مەسنەۋىيى خەراباتى»دىن ئىبارەت بىرلا ئەسىرى بار دەپ قارىلىۋاتقان ئەھۋالدا، خەراباتىينىڭ يەنە «مەسنەۋىيى مەۋلانا خەراباتىي فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي»دىن ئىبارەت بىر ئەسىرىنىڭ بولغانلىقى ھەققىدىكى يېڭى پىكىر ۋە دەلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى بىلەن قىممەتلىك.

ئاپتورنىڭ كېيىنكى ئىككى پارچە كىتابى ئەمەلىيەتتە خەراباتىينىڭ ئۇ ئۆزى ئۇچۇر بەرگەن «مەسنەۋىيى مەۋلانا خەراباتىي فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي»دىن ئىبارەت كېيىنكى ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلاشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان نۇسخا قىسقىچە كىرىش سۆز ۋە يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ كىرىل يېزىقىدىكى ئوقۇلغۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخا بولسا ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەتنىڭ خەراباتىي تەتقىقاتىدىكى ئاساسلىق نەتىجىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەر بولۇپ، مەزكۇر كىتابنىڭ ئالدىنقى يېرىمى خەراباتىينىڭ كىشىلىكى، ئىجادىيىتى، رۇمىينىڭ خەراباتىي ئىجادىيىتىگە بولغان تەسىرى، ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنلىرى، تەسەۋۋۇپى ئوبرازلار ۋە تىمساللار، بەدىئىي سەنئەتلەر قاتارلىق نۇقتىلاردىكى تەتقىقاتقا بېغىشلانغان بولسا، كېيىنكى يېرىمى يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئوقۇلغۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئومۇمەن، بۇ كىتاب مەيلى قوللىنىلغان مېتود جەھەتتىن بولسۇن، ياكى شائىرنىڭ كىشىلىكى ۋە ئىجادىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتتىكى ئىنچىكىلىك جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى مۇئەللىپنىڭ ئىجادىيەت غايىسى بىلەن ئەينى بىر كونتېكىستتا قويۇپ تەھلىل قى-

---

① «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2007 ـ يىللىق 1 ـ سان، 57 ـ بەت.
② «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىللىق 5 ـ، 6 ـ سانلار.
③ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى.
④ مەھمۇد ھەسەنىي بىلەن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىغان: «ماۋەرائۇننەھر»، تاشكەنت، 2005 ـ يىلى نەشرى.

لىش جەھەتتىن بولسۇن مۇئەييەن ئىلمىيلىككە ۋە پاكىتچانلىققا ئىگە. ئەلۋەتتە، بۇ دېگەنلىك ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەتنىڭ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتى كەم ـ كوتىسىز دېگەنلىك ئەمەس.

ئالدى بىلەن ئېيتىش زۆرۈر بولغان بىر نۇقتا شۇكى، ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت 2011 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «خەراباتىي ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا قوشۇمچە قىلغان خەراباتىينىڭ «مەسنەۋىيى مەۋلانا خەراباتىي فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي» ناملىق ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلاشتا ئەسلىي ئەسەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە سادىق بولمىغان. ئۇ مەزكۇر كىتابنىڭ 235 ـ بېتىدىن باشلىنىپ كىتاب ئاخىرىغىچە يەنى 551 ـ بەتكىچە داۋاملاشقان «مەسنەۋىيى مەۋلانا خەراباتىي فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي»نى نەشرگە تەييارلاشتا، ئالدىنقى 16 بەتتە يەنى 251 ـ بەتكىچە ئالتە خىل قول يازما ۋە تاش باسمىنىڭ ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلغان نۇسخا پەرقلىرىگە مۇناسىۋەتلىك 19 ئىزاھات بەرگەن بولسا، 313 ـ بەتتە بىر ئىزاھات بەرگەندىن كېيىن، كىتابنىڭ قالغان 290 بېتىدە نۇسخا پەرقلىرىگە ئائىت بىرمۇ ئىزاھ بەرمەي پەقەت ئايرىم سۆزلەر ياكى «قۇرئان» ئايەتلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن ئۇزۇندىلەرگىلا ئىزاھ بېرىش بىلەن چەكلەنگەن. مەيلى نۇسخا پەرقلىرى ھەققىدە ئىزاھ بېرىلگەن ئازغىنا بەتلەردە بولسۇن ياكى بېرىلمىگەن بارلىق بەتلەردە بولسۇن ئومۇمەن، ئەسەر تاش باسمىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى بويىچە تەييارلانغان بولۇپ، قول يازمىلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرى ئازراقمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمىغان. بۇ بىر تەرەپتىن كىشىگە ئالدىنقى ساناقلىق بەتلەردىلا ئىزاھ بېرىپ، شەكىلۋازلىق قىلىنغاندەك تۇيغۇ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىنى نېمە ئۈچۈن ھېچبولمىغاندا ئۇ ئۆزى تىلغا ئالغان، ئۆزبېكىستاندا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى بولسىمۇ ئەكس ئەتكۈزمەيدۇ؟ دېگەن سوئالغا ئۈندەيتتى. بۇ ساھەدە ئازراقلا چۈشەنچىسى بار كىشىگە ئايدىڭكى، قول يازما بىلەن تاش باسمىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى جەھەتتە روشەن پەرقلىرى بولىدۇ، ۋەھالەنكى تېكىستولوگىيەدە قول يازما بىلەن تاش باسمىغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش ئەقەللىي بىر ئىش. ئەسەرنىڭ قول يازما ۋە تاش باسما نۇسخىلىرى ھەققىدە مەخسۇس توختالغان ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت دىيارىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزبېكىستاننىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ۋە باش ـ ئاخىرى، كۆچۈرۈلگەن يىل دەۋرى، كۆچۈرگۈچىسى ئېنىق بولغان بەزى قول يازمىلار ھەققىدە ئۇچۇر بېرىپ تۇرۇپمۇ، ئەمما ئەسەرنى تەييارلاشتا ئۇلارغا سەل قارىغانلىقى[①] ۋە نۇسخا پەرقلىرىنى كۆرسىتىشنى ئاسان تەرك قىلىپ، سۆزلەرنى «بولمەغۇنچە» (258 ـ بەت)، «ئۇلارغە» (258 ـ بەت)، «ئۆمرىم» (327 ـ بەت)، «قاچگەي» (468 ـ بەت)، «تۇتگەي» (508 ـ بەت)، «ئەندىن» (509 ـ بەت)، «بېرماق» (332 ـ بەت)، «سەڭە» (499 ـ بەت) دەپ ئوقۇلغۇلاپ، ئەسلىي ئەسەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، مەزكۇر يازمىمىز مەخسۇس مۇشۇ تېمىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ نۇقتىلارنى فونېتىكىلىق پىرىنسىپلار، قول يازمىلاردىكى شۇنىڭغا دائىر پاكىتلار ۋە ئەسەرنىڭ ۋەزىن ئالاھىدىلىكى دېگەندەك نۇقتىلاردىن تەھلىل قىلىپ ئولتۇرمايمىز. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ئەگەر قىزىققۇچىلار مۇشۇ نۇقتىلاردىن قاراپ چىقسا، يۇقىرىقىلارنىڭ تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدىغانلىقىدا گەپ يوق.

ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم كونكرېت خاتالىقلارغىمۇ يول قويۇلغان بولۇپ، سەھىپە چەكلىمىسى سەۋەبلىك بۇ يەردە مەخسۇس توختالماستىن تۆۋەندىكى مۇناسىۋەتلىك سۆزلىرىمىزدە كۆرسىتىپ ئۆتۈپ

① مەزكۇر ئەسەرنىڭ بېيىت سانى بىز بۇ قېتىم تەييارلىغاندىكىگە سېلىشتۇرغاندا 152 بېيىت كەم. بۇمۇ ئەسەرنىڭ تەييارلىنىش جەريانىدا، نۇسخىلار ئارا سېلىشتۇرۇلۇشتا، بولۇپمۇ تاش باسمىدىن باشقا قول يازمىلارغا مۇراجىئەت قىلىشتا سەل قارالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

كېتىمىز.

ئومۇمەن، خەراباتىي تەتقىقاتى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلىنىپ، يۇقىرىقىدەك نەتىجىلەر بىلەن ھازىرىمىزغا ئۇلاشتى. بىز بۇ قېتىم ئۇنىڭ «مەسنەۋىيى خەراباتىي» ۋە «مەسنەۋىيى مەۋلانا خەراباتىي فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي»دىن ئىبارەت ئىككى پارچە ئەسىرىنى تولۇق پېتى نەشرگە تەييارلاپ، «كۇللىياتى مەسنەۋىيى خەراباتىي» نامىدا ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق.

## 2. كىشىلىكى

مەۋلانا خەراباتىي 17 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ياشىغان شائىردۇر. مەلۇم بولۇپ تۇرغىنىدەك، «خەراباتىي» تەخەللۇس بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئەزىز ساۋۇت «دەۋايى ئىشق بىلەن خاراب بولغۇچى»[①] دەپ ئىزاھلىغان بولسا، مۇشۇ ئاساستا «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»دىمۇ «دەۋايى ئىشق بىلەن مەست بولغۇچى، مەيخانە ئەھلى» دەپ ئىزاھلانغان[②]. ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت يۇقىرىقى تەبىرلەرنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش بىلەن بىللە مەزكۇر تەخەللۇسنىڭ مەنىسىنى «دىلنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى ئىلاھىي ئىشق رەمزى مەي ۋە ئۇنىڭ ماكانى مەيخانىگە مايىل ئىكەنلىكىنى ئىشارە قىلغان»[③] دەپ كۆرسەتكەن. ئومۇمەن، شائىرنىڭ تەخەللۇسى يۇقىرىقىلار كۆرسەتكەندەك تەسەۋۋۇپى بىر مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بىز بۇ نۇقتىدا يەنە ئارتۇقچە توختىلىپ ئولتۇرمايمىز. شائىرنىڭ ئىسمى ھازىرغىچە بولغان تەتقىقات ۋە دەرسلىكلەردە «مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا» ياكى «مۇھەممەد ئابدۇللا» دېگەن قاراشقا بىرلىككە كەلمەكتە. ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت شائىرنىڭ يۇقىرىقى ئىسمىنى شەرتلىك ھالدا تەخمىنىي مۇئەييەنلەشتۇرۇش بىلەن بىللە، خەراباتىي ئەسەرلىرىدە بىر خىل خىتاب تۈسىدە ئىشلىتىلگەن «ئەبدۇلمەجىد، ئەبدۇلكەرىم، ئەبدۇلجەلىل، ئەبدۇلۋاھىد، ئەبدۇلئەزىز» قاتارلىق ئىسىملارنى شائىر ئۆز ئوغۇللىرى ياكى شاگىرت ـ مۇرىتلىرىغا ئىشارە مەنىسىدە قوللانغانمۇ، يوق دېگەنگە ھازىرچە ھۆكۈم قىلىش تەس دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بايانلىرىدىن يەنە ئانىسىرۇۋنىڭ «شائىر ‹ئەبدۇلمەجىد›نى ئۆز ئىسمى سۈپىتىدە ئىشارە قىلغان» دەپ قارايدىغانلىقى مەلۇم بولماقتا[④].

قانداقلا بولسۇن، شائىرنىڭ تولۇق ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق بىر پاكىتلىق ماتېرىيال يوق. شۇڭا بىز ھازىرچە شائىرنى تەخەللۇسى بولغان «خەراباتىي» دېگەن نام بىلەن ئاتاپ تۇرۇشنى لايىق تاپتۇق.

شائىرنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىلىغا كەلسەك، بۇ ھەقتە بىر نەچچە خىل قاراش مەۋجۇت. ئەزىز ساۋۇت ئۆز ماقالىسىدە كىشىلەر ئارىسىدىكى رىۋايەت ۋە ھاجى خەراباتىي تەزكىرىسىگە ئاساسەن خەراباتىينىڭ 1638 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1730 ـ يىلى 92 يېشىدا ۋاپات بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى كۆپ تەتقىقات ۋە دەرسلىكلەردە مۇشۇ خىل قاراش ئىزچىل تەكرارلانغان. غەيرەتجان ئوسمان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»دا بۇنىڭغا يەنە بىر خىل مۇمكىنچىلىك قوشۇلۇپ، خەراباتىينىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ۋاقتىنى 1638/60 ـ يىلدىن 1730/50 ـ

① ئەزىز ساۋۇت: «مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، 1980 ـ يىللىق 4 ـ سان، 69 ـ بەت.
② غەيرەتجان ئوسمان (باش تۈزگۈچى): «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»(2)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى، 845 ـ بەت.
③ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «خەراباتىي ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 3ـ بەت.
④ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «خەراباتىي ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 39ـ، 40 ـ بەتلەر.

يىلىغىچە دەپ يازغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھېچبىر پاكىت بىلەن دەلىللەنمەيدۇ.① بۇنىڭدىن باشقا ئابدۇرېھىم سابىت يۈقىرىقى ئىككى خىل يىلنامىدىن پەرقلىق ھالدا ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق كىتابىدا «خەراباتىي بەزى تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاقسۇ ناھىيەسىنىڭ چوغتال كەنتىدە بىر دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان»② دەپ يازىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر قاراش مەھمۇد ھەسەنىي بىلەن ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەتنىڭ تەييارلىشى بىلەن تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «مەسنەۋىيى مەۋلانا خەراباتىي» ناملىق كىتابنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا بېرىلگەن بولۇپ، مەزكۇر كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، «خەراباتىي 17 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشكەنتتە ياشىغان ئالىم ۋە شائىردۇر»③.

ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت «مەسنەۋىيى خەراباتىي ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى» ناملىق ئەسىرىدە، خەراباتىي ھاياتىنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا دائىر يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ تەخمىنىي ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ھەقتىكى پاكىتلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. تەكشۈرۈشىمىزچە، ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى ئەمەلىيەتكە بىرقەدەر ئۇيغۇن. ئومۇمەن خەراباتىي 17 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغان دەپ ئېيتىش مۇمكىن، ئەمما كونكرېت ۋاقىت ھەققىدە دەلىل يوق.

خەراباتىينىڭ يۇقىرىقى كۆپلىگەن قاراشلاردا ئورتاقلىشىپ قالغان 1638 ـ يىلى تۇغۇلغان دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى «مەسنەۋىيى خەراباتىي»نىڭ «خاتىمە» قىسمىدا شائىر ئەسەرنىڭ پۈتۈش تارىخى ھەققىدە:

نە ھىساب ئەيلەدىمكى تارىخقە،
مىڭۇ يۈز يەنە قىرىق ئالتىغە.

دەپ يازغان. ئەگەر بىز بۇنىڭغا شائىرنىڭ ئۆز ھاياتى ھەققىدىكى تۆۋەندىكى مىسرالىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق يۇقىرىقى نۇقتا ئايدىڭ بولىدۇ:

يېتىپ ئۆمرۈم مېنىڭكى بىردىن ئونغا،
قويۇپدۇرمەن قەدەم دۇنيايى دۇنغا.

يېتىپ ئۆمرۈم يىگىرمەدىن، ئايا يار،
ھەمىشە مەستۇ بىھۇشدۇرمەن ھەر بار.

يىگىرمەدىن ئۆتۈپ ئۆمرۈمدۇر ئوتتۇز،
تەلىم مانەندى مۇمدۇر④ دىلىم مۇز.
سېنىڭ ئالدىڭدا يوقتۇر مەندە بىر يۈز،

① غەيرەتجان ئوسمان (باش تۈزگۈچى): «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى، 845 ـ بەت.
② ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىي ـ مائارىپ بۆلۈمى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى 1983 ـ يىلى باسمىسى، ئىككىنچى كىتاب 1 ـ قىسىم، 447 ـ بەت.
③ مەھمۇد ھەسەنىي، ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «مەسنەۋىيى مەۋلانا خەراباتىي»، «ماۋەرەئۇننەھىر» تاشكەنت، 2005 ـ يىلى نەشرى، كىرىش سۆز، 1 ـ بەت.
④ مۇم ـــ شام، موم، يۇمشاق.

گۇناغا مۇبتەلامەن ھەر شەبۇ رۇز.

ئوتتۇزدىن ئۆتتى ئۇمرۇم تاكىدۇر چىھل،
كۆڭۈلدىن كەتمەس ھەرگىز زەررەئى جەھل.

تەمامى فىئلىم ئولغاچ بارچەسى سەھل،
خۇداۋەندا، بۇ يولدا بولمادىم ئەھل.

يېتىپ غەفلەتدە ئۇمرۇم قىرىقتىن ئەللىك،
ھەنۇز① كەتمەس مېنىڭدىن ماۋۇ مەنلىك.

ياشاپ مەن فىسقۇ ئىسيان بىرلە ئەللىك،
ياغى مەن قايدا باردۇر مەندە ئەللىك.

يېتىپ ئۇمرۇم مېنىڭ ئەللىكتىن ئاتمىش،
باشىم غەملەر بىلە تاشدىنمۇ قاتمىش.

يېتىپ غەفلەتتە ئۇمرۇم ئەمدى يەتمىش،
تەمامى دەردۇ سوزى ئىشق كەتمىش.

يېتىپ ئۇمرۇڭ خەرابات ئەمدى سەكسەن،
ھەنۇز ئول فىسقۇ ئىسيان بىرلە مەسكەن.

ئۆتۈپ سەكسەندىن ئۇمرۇڭ ئەمدى توقسان،
نە قىلدىڭ ھەق يولىدا خەيرۇ ئېھسان.

ئەگەرچەندىكى بولسام نەچچە ھەيران،
مېنىڭكى مۇشكىلىم ئالدىڭدا ئاسان.

يېتىپ ئۇمرۇم دەرىغا بىخەبەر يۈز،
قاچان بولدى مۇسۇلمان نەفسى بەد يۈز.

نە تاپتىم راھ ئىستەپ بىر يولى تۈز،
نە بولدى ھېچ فىئلىم بىرىسى يۈز.

دېمەك، شائىر ئۆز ئەسىرىنى يېزىۋاتقان ۋاقىتتا يۈز ياشلاردىن ئاشقان بولۇپ، ئەسەرنىڭ پۈتكەن ۋاقتى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگىنىدەك ھىجرىيە 1146 ـ يىلىغا، مىلادىيە 1733 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

① ھەنۇز ـــ تېخىچە، ھازىرغىچە.

ئەگەر شائىرنىڭ ئۆز قەلىمىدىن بېرىلگەن يۈز ياشتىن ئاشقان ۋاقتى كىتابنىڭ پۈتكەن ۋاقتىغا يەنى 1733 - يىلىغا توغرا كەلدى، دەپ قىياس قىلغىنىمىزدىمۇ، شائىرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى 1638/60 دېگەن سانلار بىلەن ئۇدۇللاشمايدۇ.

شائىرنىڭ ۋاپات بولغان يىلى ھەققىدىكى 1730 - يىلى دېگەن قاراشنىڭ خاتالىقىدا گەپ يوق. چۈنكى، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن، شائىر ئۆزى مەلۇمات بەرگەن ئەسەرنىڭ پۈتكەن ۋاقتى ھەققىدىكى يىل يەنى ھىجرىيە 1146 - يىلىنى مىلادىيە يىلىغا ئايلاندۇرساق 1733 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ، شۇنداقكەن شائىر ئۆز ئەسىرىنى ئۆلۈپ كېتىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن تاماملىشى مۇمكىن ئەمەس. دېمەك ئۇنىڭ ۋاپاتى چوقۇمكى مۇشۇ يىلدىن كېيىن، 100 ياشلاردىن ئاشقاندا بولغان. ئەمما ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى زادى قايسى يىلى دېگەننى ئېنىقلاشقا ئىمكان يوق[①].

شائىرنىڭ ياشىغان يۇرتى ھەققىدە ھازىرغىچە ئاقسۇ چوغتال دېگەن قاراش ئومۇملاشماقتا. ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت بۇنىڭدىن باشقىچە بىر مۇمكىنچىلىكنىڭمۇ بارلىقىنى قەيت قىلىپ، تاشكەنتتە 13816 - ۋە 8884 - نومۇرلار بىلەن ساقلىنىۋاتقان تاش باسمىنىڭ ئاخىرىدىكى كاتىپ تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخۇل - كاتىب» ماۋزۇسى ئاستىدىكى:

بىرىنى ساھىبى ئىشان خەرابات،
قەتارتال مەۋزەئىيدەدۇر نىشانى.

دېگەن قۇرلارنى دەلىل كەلتۈرۈپ، خەراباتىينىڭ تاشكەنتتە ياشىغانلىق مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويسىمۇ، ئەمما ئاخىرىدا يەنە بۇنىڭ پەقەت بىر مۇمكىنچىلىك ئىكەنلىكىنى، بۇ خىل مۇمكىنچىلىكنىڭ ئېھتىمالدىن يىراقلىقىنى تەكىتلەيدۇ[②]. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، گەرچە ئەزىز ساۋۇت تىلغا ئالغان «ھاجى خەراباتىي مەقبەرىسى تەزكىرىسى»نى ئەزىز ساۋۇت ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ شەيخنىڭ مەلۇماتىدىكى شۇنداق بىر تەزكىرىنىڭ مۇتلەق بولمىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يەردىكى خەلق ئارىسىغا تارالغان رىۋايەتلەرنىڭمۇ ھېچبىر مەنبەسىز بولۇشى ناتايىن. چۈنكى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت سۈپىتىدىكى بۇ خىل رىۋايەت مۇشۇ يەردىن باشقا جايدا يوق. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەزىز ساۋۇت تىلغا ئالغان ئاقسۇ چوغتالدىكى بىر نەچچە كىشىلەرنىڭ قولىدا

---

① ئەمما بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ئىلمىي پەرەزنى قىلىشنى يوللۇق دەپ قارايمىز. «مەسنەۋىيى مەۋلانا خەراباتىي فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي» باشلىنىپ ئۇزاققا بارمىغان بىر يەردە شائىر شۇ چاغدىكى يېشىدىن ئۇچۇر بېرىپ، مۇنداق بىر بېيىتنى يازغان: «يېتىپ يەتمىشكە نەفسىم بىرلە شەيتان، ھەنۇز نەفسىم تەمامى نا مۇسۇلمان». بىزنىڭچە، «مەسنەۋىيى مەۋلانا خەراباتىي فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي»نىڭ يېزىلغان ۋاقتى «مەسنەۋىيى خەراباتىي»دىن بۇرۇنراق (بۇ ھەقتىكى پىكرىمىزنى ماقالىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا ئۆز نۆۋىتىدە ئوتتۇرىغا قويىمىز) بولۇپ، شائىر ئۆز ئەسىرىنى باشلاپ ئۇزاققا بارمىغان شۇ مەزگىللەردە 70ياشقا كىرگەنلىكىنى قەيت قىلغان. ئۇنداقتا شائىر ئېنى چاغدىكى يېشىدىن يۇقىرىقى بېيىت ئارقىلىق خەۋەر بەرگەن بۇ ئەسىرىنى كونكرېت قاچان باشلىغان؟ بۇ نۇقتىدا بىز ھىجرىيە 1335 - يىلى تاشكەنتتە چاپ قىلىنغان، بىز بۇ قېتىم قوشۇمچە پايدىلانغان تاش باسمىنىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن «تارىخۇل كاتىب» ماۋزۇسى ئاستىدىكى تۆۋەندىكى بېيىتقا دىققەت قىلدۇق: «مۇنى تارىخى تەبئىن فىكرى بىرلە، خىرەد دېدى قۇلاقىمغا نىھانى». كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، شائىر بۇ بېيىتتا ئەبجەد ھېسابىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، ئەگەر «فىكر» بىلەن «خىرەد»نى ئەبجەد سۆزى دەپ قارىساق، بۇ ئىككى سۆزدىن ئەبجەد ھېسابى بويىچە 1104 دېگەن سان چىقىدۇ. بۇ مىلادىيە ھېسابى بويىچە 1692/3 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ نېمە سان؟ ئەگەر بۇنى مەزكۇر تاش باسمىنىڭ بېسىلغان ۋاقتى دەپ قارىساق، بۇ ئەمەلىيەتكە تازا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى، شائىر ئەسىرىنى 1733 - يىلى تاماملىغانلىقىنى قەيت قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ بېيىتلاردىن كېيىن كاتىب تاش باسمىنىڭ بېسىلغان ۋاقتىنى ئېنىق قىلىپ، «1335 - يىلى» دەپ كۆرسەتكەن. شۇنداقكەن، ئەگەر بۇ يىلنى (1690 - يىللىرىنى) شائىرنىڭ ئەسەرنى باشلىغان ۋاقتى دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ ھالدا شۇ چاغدا 70 ياشلارغا كىرگەنلىكى ئېنىق بولغان شائىرنىڭ ئەسەر تامام بولغاندا (يەنى 1733 - يىللىرى) 100 ياشتىن ئاشقانلىقى ئەقىلگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ خىل ئۇدۇل كېلىشتىن بىز «فىكر» بىلەن «خىرەد» سۆزلىرىنى ئەبجەد سۆزلىرى دەپ قارىغان پەرىزىمىزنىڭمۇ نىسبەتەن مۇۋاپىق بولغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغىنىمىزدا، ئەگەر شائىر 1690 - يىللىرى 70 ياش ئەتراپىدا بولسا، ئۇنداقتا ئۇ 1622/3 - يىلىدىن 1630 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇغۇلغان بولىدۇ.

② ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «خەراباتىي ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 - يىلى نەشرى، 19 -، 20 - بەتلەر.

ساقلانغان قول يازمىلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. بىز بۇ قېتىم «مەسنەۋىيى خەراباتىي»نى تەييارلاشتا A نۇسخا سۈپىتىدە پايدىلانغان قول يازمىنىڭ ئاخىرىدىمۇ: «نەزمى مەسئەلە كىتاب، موللا ئىسهاق ئەئلەم ئاخۇننىڭ مەسنەۋىيى شەرىف كىتابى بۇ تۇرۇر، تارىخقە بىر مىڭ ئۈچ يۈز بەش، ئاقسۇ ھىسابىدا قوي يىلى دۇئا ئايىنىڭ يىگىرمەسىدە قىلىنغان خەت بۇ تۇرۇر» دېگەن قۇرلار بولۇپ، بۇنىڭدىن مەزكۇر قول يازمىنىڭمۇ ئاقسۇدا كۆچۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. قول يازمىدا يەنە مۇشۇ قۇرلار يېزىلغان بەتنىڭ ئالدىدىكى بەتتە كاتىپنىڭ ئىسمى توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىپ: «موللا سابىر ئاخۇند فۇتۇپ تەمام قىلغان» دېگەن قۇرلار خاتىرىلەنگەن. بىز بۇ قېتىم قوشۇمچە پايدىلانغان، خوتەندىكى ھاجى مەمتىمىن تۇردى تەمىنلىگەن باشقا بىر قول يازمىنىڭ كاتىبىنىڭمۇ موللا سابىر ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئەلۋەتتە بۇ كىشىنى چوقۇمكى ئالدىنقى قول يازمىنى كۆچۈرگەن ئاقسۇلۇق موللا سابىر دەپ كېسىپ ئېيتىش تەس بولسىمۇ، ئەمما ئۇنداق ئەمەس دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئومۇمەن، خەلق رىۋايەتلىرىدە ئۇچۇر بېرىلگەن ۋە يوقالغانلىقى قەيت قىلىنىۋاتقان بىر تەزكىرە ھەمدە نۆۋەتتە شۇنداق بىر مەقبەرە ساقلانغان ئاقسۇدا يۇقىرىقىدەك ھەرخىل نۇسخىدىكى قول يازمىلارنىڭ كۆچۈرۈلۈشى ۋە ساقلىنىشىنى پۈتۈنلەي تاسادىپىيلىق دەپ قارىغىلىمۇ بولمايدۇ.

يەنە بىر سەل قاراشقا بولمايدىغان نۇقتا شۇكى، ئۈرۈمچى «بەرمان» ئۇيغۇر تېبابەت شىركىتىنىڭ مەسئۇلى ئابدۇسەمەت داموللامنىڭ بىزگە تەمىنلىگەن ئىككى پارچە يازما ماتېرىيالى بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمىزنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇ بۇ ماتېرىيالنى 1995 ـ يىلى ئاقسۇ ئۇچتۇرپاننىڭ ئاقيار يېزىسىدىكى مۆمىن ئەئلەم ئاخۇنۇم دېگەن كىشىنىڭ ئاغزاكى بايانىدىن خاتىرىلىگەن بولۇپ، مۆمىن ئەئلەم ئاخۇنۇم شۇ چاغلاردا 90 ياشتىن ئاشقان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ غۇلجا، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا مۇدەررىس بولغان ھەمدە ئۆزىنىڭ بايانىچە خەراباتىينىڭ شاگىرتلىرىنىڭ شاگىرتى ئىدى.

بىرىنچى ماتېرىيالدا مۆمىن ئەئلەم ئاخۇنۇمنىڭ بايانىچە، خەراباتىينىڭ ئاقسۇدىكى ئۇستازى ئەللامە موللا باقاخۇنۇم بولۇپ، بۇ كىشى 1606 ـ يىلى ئاقسۇنىڭ ئەتىزى (ئاقسۇنىڭ چوغتال، كۆكباش دېگەن يەرلىرى بىلەن قوشنا يۇرت ئىسمى)دە موللا سابىت ئاخۇنۇم دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلغان. ئۇ دەسلەپ ئاتىسىدا كېيىن كۇچادىكى ھەيدەر ئارىف دېگەن كىشىنىڭ قولىدا تەربىيە كۆرگەندىن كېيىن، كۆكباشتا تېبابەت ئالىمى مويدىن تاراش ئاخۇنۇمدا تېبابەت ئۆگەنگەن، كېيىن يەنە كابۇلدىمۇ تەلىم ئالغان. تەخمىنەن 1635 ـ يىللىرى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، ئەتىزىدىكى مەدرىسنى كېڭەيتىپ قۇرغان ۋە موللا مۇھەممەد تاقۇتى، مىرزا نۇئمان ئاخۇن، موللا ئىلياس مالىكى، ھوشۇر مۇفتى ئاخۇنۇم، قەمبەرخان خوجام، موللا ھەكىم بەگ قاتارلىق ئۆلىمالار بىلەن بىرلىكتە تېبابەت، ئىلمى تەفسىر، ئاسترونومىيە، ئەدەبىيات، فىقھى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن.

ئىككىنچى ماتېرىيالدا مۆمىن ئەئلەم ئاخۇنۇم مەۋلانا خەراباتىينىڭ ئاقسۇدىكى شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان داموللا قاسىم ئىبنى ئارىفنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇ كىشى تەخمىنەن 1663 ـ يىللىرى قۇمباش يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، 1741 ـ يىللىرى ئەتراپىدا چوغتالدا ۋاپات بولغان. ئۇ بالىلىقىنى دادىسى موللا ئارىف ئاخۇننىڭ مەدرىسىدە ئۆتكۈزگەن، كېيىن موللا ئارىف ئاخۇن ئوغلىنى مەۋلانا خەراباتىينىڭ تەربىيەسىگە تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئائىلىسى بىلەن چوغتالغا كۆچۈپ كېلىپ، تېبابەتچىلىك بىلەن جاھاندارچىلىق قىلغان. داموللا قاسىم ئىبنى ئارىف مەۋلانا خەراباتىينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىجادىيەت ۋە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇنىڭ «تەبىرنامە»، «ئىلاجنامە»، «مىراسنامە»، «تارىخنامە»، «سەفەرنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى، موللا قۇناخۇنۇم، سىدىق مەخسۇم، موللا داۋۇتخان، بەكرى

زالىم، موللا ئابدخان قوش يەز، ئەھمەتاخۇن خەلپىتىم قاتارلىق شاگىرتلىرى بولغانىكەن.

دېمەك، مەۋجۇت مەقبەرە، تەزكىرە ھەققىدىكى ئۇچۇرلارغا، خاراباتىي ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، ساقلاش ۋە ئۆگىنىش جەھەتتىكى ئەينى رېئاللىق شۇنداقلا يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئەل ئارىسىدىكى غەيرىي ماددىي مەنبەلەرنىڭ ھېچبىرىگە لايىقىدا دىققىتىمىزنى بەرمىسەك بولماس.

بۇنىڭغا يەنە ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان «خاراباتىي ئەسىرىنىڭ تاشكەنتتە شۇنچە كۆپ چاپ قىلىنغان، ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغان بولۇشىغا قارىماستىن، شائىرنىڭ ئۆزبېكىستاندا ھېچ تەتقىق قىلىنمىغانلىقى، ھەتتا نامىنىڭمۇ ئۇنچە تونۇش ئەمەسلىكى، ئاتاقلىق ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭمۇ ئۆز تەتقىقاتلىرىدا خاراباتىي ھەققىدە ھېچ بىر ئېغىز ئاچماسلىقى»① قاتارلىق ئەينى رېئاللىقنى ۋە خاراباتىي ئەسەرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى قوشۇپ پىكىر قىلغىنىمىزدا، خاراباتىي ھاياتىنىڭ ئاقسۇدا ئۆتكەن بولۇش ئېھتىماللىقى ئەقىلگە مۇۋاپىق.

3. ئىجادىيىتى

ئەمدى شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە كەلسەك، نۆۋەتتە ئۇنىڭ «مەسنەۋىيى خاراباتىي» ۋە «مەسنەۋىيى مەۋلانا خاراباتىي فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي»دىن ئىبارەت ئىككى ئەسىرىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم.

«مەسنەۋىيى خاراباتىي» دېگەندە خاراباتىينىڭ 1986 - يىلى قىسقارتىپ نەشر قىلىنغان كىتابقا ئاساس بولغان ئەسىرى كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، مەزكۇر ئەسەرنىڭ قول يازمىلىرى كۆپىنچە «مەسنەۋىيى خاراباتىي» ياكى «كۇللىياتى مەسنەۋىيى خاراباتىي» دېگەن ناملار بىلەن ساقلانغان. ئەسەرنىڭ قول يازما ۋە تاش باسما نۇسخىلىرىدىكى مىسرا سانىغا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر ئەسەر 13000 مىسرانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، تاكى ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەتنىڭ «مەسنەۋىيى خاراباتىينىڭ قول يازما ۋە تاش باسما نۇسخىلىرى» ناملىق ماقالىسى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىللىق 5 -، 6 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغانغا قەدەر، مۇشۇ ساھەدىكى ئەمگەكلەردە خاراباتىينىڭ «مەسنەۋىيى خاراباتىي»دىن ئىبارەت يۇقىرىقى بىرلا ئەسىرى تىلغا ئېلىنىپ كېلىنگەنىدى. ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەتنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىدە ھەرخىل قول يازما ۋە تاش باسمىلارنى ئىنچىكە سېلىشتۇرۇش ۋە تەھقىقلەش ئارقىلىق خاراباتىينىڭ «مەسنەۋىيى مەۋلانا خاراباتىي فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي»دىن ئىبارەت يەنە بىر ئەسىرىنىڭمۇ بولغانلىقى مەلۇم بولدى. مەزكۇر ئەسەر تەخمىنەن 6000 مىسرا ئەتراپىدا بولۇپ، 2011 - يىلى ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەتنىڭ تەييارلىشى بىلەن يۇقىرىقى كىتابنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىنىپ نەشر قىلىنىدى. ئەمما بىز مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بىر قىسىم خاتالىقلاردىن خالىي بولالمىدى.

قول يازما ۋە تاش باسمىلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، يۇقىرىقى ئىككى ئەسەرنىڭ ئالدىنقىسى جەمئىي 137 ماۋزۇنى (پەسىل)، كېيىنكىسى 76 ماۋزۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، «ئىككى ئەسەرنىڭ تىلى، ئۇسلۇبى، غايىۋى يۆنىلىشى ۋە مەزمۇنى قاتارلىق جەھەتلەردىن چىقىپ ئېيتىش مۇمكىنكى، بىزگە ‹مەسنەۋىيى خاراباتىي› ياكى ‹كۇللىياتى مەسنەۋىيى خاراباتىي› نامى بىلەن مەلۇم بولۇپ كەلگەن ئەسەر بىلەن بىز تەتقىقاتىمىز جەريانىدا يېڭى بايقىغان ‹مەسنەۋىيى مەۋلانا خاراباتىي فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي› دەپ ئاتالغان ئەسەر بىر شائىر — خاراباتىينىڭ قولىدىن چىققانلىقىنى بايقايمىز»①.

① ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «خاراباتىي ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 - يىلى نەشرى، 19 - بەت.

كېيىنكى ئەسەر يەنى «مەسنەۋىيى مەۋلانا خەراباتىي فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي»نىڭ باش قىسمى جالالىددىن رۇمىينىڭ «مەسنەۋىي شەرىف»نىڭ دەسلەپكى بىرقانچە بېيىتلىرىنىڭ تەرجىمىسى بىلەن باشلانغان بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر ئەنە شۇ بېيىتلاردىن ئىبارەت:

ئاڭلاغىل، نەي نە ھىكايەتلەر قىلۇر،
ئول جۇدالىقتىن شىكايەتلەر قىلۇر.

ئول مېنى قىلغاچ نەيستاندىن جۇدا،
خەلقى ئالەم ئىچرە بولدۇم بىنەۋا.

نالە ئەيلەرمەنكى بولغاچ بىۋەتەن،
نالەشىمدىن نالە ئەيلەر مەردۇ زەن[2].

بىھىساب سىينەمدە بار شەرھى فىراق،
شەرھ قىلسام جۈملە دەردى ئىشتىياق.

كىمكى بولغان بولسا ئەسلىدىن يىراق،
ئول كىشىدە كۆپ ئېرۇر ۋەسل ئىشتىياق.

گەر كىشى ياد ئەتسە دايىم ئەسلىنى،
ئىستەگەي ھەر رۇزۇ شەب[3] ئول ۋەسلىنى.

مەن بە ھەر جەمئىغە قىلدىم نالەزار،
نېك ھەم بەدلەرغە بولدۇم سازۋار.

كىمكى خەش زەن بىرلە بولسا يارى مەن،
ئىستەگەي سىينەمدىن ئول ئەسرارى مەن.

سىررى مەن نالەمدىن ھەرگىز دۇر ئېمەس،
نۇرى بۇ كۆزۇ قۇلاقنىڭ نۇر ئېمەس.

جىسىم جاندىن ھىيچدەم مەستۇر[4] ئېمەس،
جاننى كۆرگۈزمەكلىكى دەستۇر[5] ئېمەس.
ئوت ئېرۇر نەينىڭ ئۈنى ئەرمەس شامال،

---

① ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «خەراباتىي ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 60 ـ بەت.
② مەردۇ زەن ــ ئەر ـ ئايال.
③ رۇزۇ شەب ــ كېچە ـ كۈندۈز.
④ مەستۇر ــ مەخپىي، يوشۇرۇنغان، پەردىلەنگەن.
⑤ دەستۇر ــ ئىجازەت، رۇخسەت.

كىمدە بۇ ئوت بولماسا بولغاي زەۋال.

ھەركىشىكىم بولسا بۇ ئوتدىن يىراق ،
ئول كىشىدىن گاۋۇ خەر، سەگ[1] ياخشىراق.

بانگى نەي ئوتدۇركى ئارتۇق بولغاي ئول،
كىمدە بۇ ئوت يوقتۇرۇر يوق بولغاي ئول.

ئىشق ئوتىدۇركى تۈشتى نەي ئارا،
جۇشىشى[2] ئىشق ئىچرە تۈشتى مەي ئارا.

جۇنبىشى[3] جۇنبەندىلەر[4] ئىشق شىددەتى،
ساكىنى ھەر نەرسەلەر ئىشق ھەيرەتى.

رازى نەي راھى پۇرخۇندىن[5] قىلۇر،
قىسسەلەرنى ئىشقى مەجنۇندىن قىلۇر.

مىسلى نەيدەك زەھرەئى تەرياق[6] يوق.
نەي كەبى دەمسازۇ ھەم مۇشتاق[7] يوق.

يۇقىرىقى ئىككى ئەسەرنىڭ قايسىنىڭ بۇرۇن، قايسىنىڭ كېيىن يېزىلغانلىقىغا كېسىپ بىر نەرسە دېيىش قىيىن. ئەمما ئىككى ئەسەر مەزمۇنىنىڭ بىر ـ بىرىنى تولدۇرۇش مۇناسىۋىتى ۋە «مەسنەۋىيى خەرا ـ باتي»نىڭ ئاخىرىغا شائىرنىڭ «بۇ فەسل خاتىمە ۋە تارىخىنىڭ بەيانى قىلىنۇر» دېگەن ماۋزۇنى بېرىپ، ئە ـ سەرنىڭ پۈتكەن ۋاقتىنى قەيت قىلغانلىقى شۇنداقلا تاش باسما كاتىپلىرىنىڭ يۇقىرىقى پەسلدىن كېيىن «تارىخۇل ـ كاتىب» دېگەن بىر ماۋزۇنى بەرگەنلىكى، ھەمدە «قىلىپ ئىككى خەراباتىينى خەتمىن» دەپ ياز ـ غانلىقىغا قاراپ، «مەسنەۋىيى مەۋلانا خەراباتي فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي»نىڭ باشتا، «مەسنەۋىيى خەرابا ـ تي»نىڭ كېيىن يېزىلغان بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە مەزمۇن پۈتۈنلۈ ـ كى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى ئەسەر چوڭ جەھەتتىن بىر ئەسەر بولۇش مۇمكىنچىلىكى زور. شۇڭا، بىز بۇ قېتىم مەزكۇر ئىككى ئەسەرنىڭ تولۇق بىر ھالەتتە تېخىچە نەشر قىلىنمىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، «كۇللىياتى مەسنەۋىيى خەراباتي» دېگەن نام بىلەن نەشرگە تەييارلىدۇق.

(ئاپتور جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمي جەمئىيىتىدە)

[1] گاۋۇ خەر سەگ ــ كالا، ئېشەك، ئىت؛ [2] جۇشىش ــ قايناش، ئۇرغۇش؛ [3] جۇنبىش ــ داۋالغۇش، قوزغىلاڭ؛ [4] جۇنبەندە ــ يۆتكىلىش، تەۋرىنىش؛ [5] راھى پۇرخۇن ــ قانلىق يول، قانغا تولغان يول؛ [6] زەھرى تەرياق ــ زەھەر قايتۇرغۇچى دورا؛ [7] مۇشتاق ــ ئىشتىياق باغلىغان، ئىنتىزار.

ئەھمەدجان ئابدۇرېھىم

# ئۇيغۇر مىنىياتۇرا رەسسامى مۇھەممەد سىياھ قەلەم ۋە ئۇنىڭ رەسساملىق سەنئىتى

مۇھەممەد سىياھ قەلەم سىزغان رەسىملەرنىڭ ئۆزگىچىلىكى، پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىگىلا خاس ئۇسلۇب ياراتقانلىقى بىلەن تونۇلغان، مىللەت تەۋەلىكى جەھەتتىن ئۇيغۇر ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىۋاتقان مىنىياتۇرا رەسسامى. ئۇنىڭ تەخمىنەن 15 ـ ئەسىردە ياشىغانلىقى ۋە پارس، جۇڭگو ۋە ياكى ئوتتۇرا ئاسيالىق ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان بولۇپ، تارىختا ھەقىقىي ئىسمى بىلەن ئىش ئىزلىرى خاتىرىلەنمىگەن. ھازىر دەۋرىمىزدە ئىرانلىق تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆچەپ تەكرارلىشى بىلەن كۆپىنچە ھاللاردا «ئىران پورترېتشۇناس رەسسامى، ئاجايىپ ـ غارايىپ چىرايلارنى سىزىشقا ئۇستا» دەپمۇ تەبىر بېرىلىدۇ.

مۇھەممەد سىياھنىڭ ياشىغان دەۋرىنى ئىران ۋە باشقا دۆلەت تەتقىقاتچىلىرى ھىجرىيە 778 ـ يىلدىن 863 ـ يىلىغىچە دەپ قارايدۇ. رەسسام تېمۇرىيلار دەۋرىدە ياشىغان، ئاساسلىق ھايات پائالىيىتى ھىرات ۋە تەبرىزدە ئۆتكەن بولۇپ، رېئالىزىملىق ۋە خىيالىي فانتازىيەلىك ئۇسلۇبتا مىنىياتۇرا رەسىم ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

خەلقئارادا مۇھەممەد سىياھ (قارا) قەلەمنىڭ زادى قايسى قوۋمغا تەۋەلىكى ھەققىدە پىكىرلەر ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلار ئۇنى تۈرك دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئانا يۇرتى ھەققىدە: سىياھ قەلەم تارىختا موغۇلىستان دەپ ئاتالغان شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇنىڭغا قوشنا رايونىدىندۇر، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىنتايىن توغرا قاراشتۇر.

بۇ ھەقتە ئاتاقلىق رەسساممىز، پىروفېسسور، جامائەت ئەربابى شۇنداقلا كىلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتچىمىز غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 2 ـ ساندا ئېلان قىلغان مۇھەممەد سىياھ قەلەم ھەققىدىكى ماقالىسىدىمۇ مۇھەممەد سىياھ (قارا) قەلەمنى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شىنجاڭلىق ئۇيغۇر دەپ يازىدۇ.

تۆۋەندە مۇھەممەد سىياھ قەلەم ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى بىرنەچچە كىچىك ماۋزۇ ئاستىدا كۆرۈپ ئۆتەيلى:

**1. چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مۇھەممەد سىياھ قەلەم ھەققىدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرى**

دەۋرىمىزدە ئىرانلىق تەتقىقاتچىلار مۇھەممەد سىياھ قەلەمنى «موڭغۇل ـ تۈرك نەسىللىك» دەپ كۆپ تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. شۇنداقلا ئىراندىكى مەزكۇر رەسسام توغرىسىدىكى تەتقىقات دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭقۇر تەتقىقات ھېسابلىنىدۇ.

ئىران تەتقىقاتچىلىرىدىن ياقۇپ ئاژەندى مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ ھاياتى ۋە سەنئىتى ھەققىدە «ئۇستاز مۇھەممەد سىياھ قەلەم» دېگەن كىتابنى يازغان.

مۇھەممەد ئەلى كەرىم زادە تەبرىزىي «ھاجى مۇھەممەد ھىرەۋىي (سىياھ قەلەم)نىڭ ئەھۋاللىرى ۋە ئەسەرلىرى» دېگەن كىتابنى يېزىپ ھىجرىيە 1389 ـ يىلى نورۇز ئېيىدا لوندۇندا نەشر قىلدۇرغان. 162 بەتلىك كىتاب، 82 پارچە رەسىم قىستۇرما قىلىنغان. كىتابتا مۇھەممەد سىياھ قەلەمنى ئىراننىڭ بۇيۈك نەققاشى يەنى رەسسامى دەپ قارىغان ئاساستا، رەسسامنىڭ خىيالىي، ئاجايىپ ـ غارايىپ ئەسەرلىرى بىلەن ئۇنىڭ ھايات ئەھۋاللىرى يېزىلغان.

1954 ـ يىلى تۈركىيەلىك شەۋكەت ئىپشىر ئوغلى بىلەن ساباھەددىن ئەييۇپ ئوغلى «فاتىھ ئالبومغا بىر قاراش» ناملىق ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئىپشىر ئوغلى سىياھ قەلەم تەتقىقاتىنى رەسمىي باشلىغان. دەسلەپتە ئىپشىر ئوغلى سىياھ قەلەم ئەسەرلىرىنى فاتىھ سۇلتان مەھمەت دەۋرىگە ئائىت دەپ قارىغان بولسا، كېيىنچە بۇ پىكرىدىن يېنىپ سەنئەتچىنى 14 ـ، 15 ـ ئەسىردىكى شىنجاڭ ۋە ماۋەرائۇننەھر مەدەنىيىتى ساھەسى ئىچىدە تەتقىق قىلغان.

يەنە، مەزھەر ئىپشىر ئوغلى ۋە ئۇنىڭ ھەمكارلاشقۇچىسى ئەييۇپ ئوغلى ئىككىيلەن مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ توپقاپى سارىيىدىكى تۆت ئالبوم ئەسىرىنى جەملەپ 1955 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان ۋە ئۇنىڭدا رەسىملەرنى فاتىھ سۇلتان مۇھەممەد دەۋرىدە ئىستانبولغا كەلتۈرۈلگەن دەپ قارىغان. ئەسەرنى بولسا موغۇل ئۇسلۇبىدا، ماۋەرائۇننەھردە سىزىلغان دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

تۈركىيەلىك مەشھۇر تەتقىقاتچى زەكىي ۋەلىدى توغان مۇھەممەد سىياھ قەلەم ھەققىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ھاجى مۇھەممەد باخشى ئۇيغۇرىي، ‹تۈركىي مىراجنامە›نىڭ رەسىملىرىنى سىزغان رەسسام، بايسۇنقۇر مىرزا زامانىسىدا ئۆتكەن. ئىسمى ۋە ئىش ئىزلىرىدىن مىرزا ھۈسەيىن بايقارانىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مەۋلانا مۇھەممەد نەققاشقا بەك ئوخشايدۇ، مەۋلانا مۇھەممەد نەققاش بىلەن مۇھەممەد سىياھ قەلەم بىر كىشى بولسا كېرەك.»

ئەنگلىيەلىك تەتقىقاتچى فىرانكىس رابىنسونمۇ «رەسىملىك ئىسلام تارىخى» ناملىق كىتابىدا ئۇنىڭ ئىسمىنى ‹مۇھەممەد نەققاش› دەپ ئاتايدۇ. شۇڭا، ئۇ مۇھەممەد سىياھ قەلەمنى مەۋلانا دەرۋىش مۇھەممەد نەققاش دەپ قارايدۇ. دېمىسىمۇ نەۋايى دەۋرىدىكى مەۋلانا مۇھەممەد نەققاشمۇ تەبرىزدە بىر مەزگىل تۇرۇپ رەسساملىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ئىراقنىڭ كەربالا شەھىرىدە ئۆتكەن ھافىز ھۈسەيىن كەربالايى دېگەن كىشى «رەۋزەتۇل ـ جىنان» (جەننەتكە كىرەلىگۈچىلەرنىڭ باغچىسى) ناملىق كىتابىدا مۇھەممەد سىياھ قەلەم ھەققىدىمۇ مەلۇماتلارنى بەرگەن. ئۇ كىتابىدا مەۋلانا تاجىددىن ئەلى مىنشارىي دېگەن كىشى ھەققىدە يېزىپ كېلىپ: «قىرائەت ئىلمىدە دەۋرىنىڭ مەشھۇر كىشىسى ئىدى، ئۇنىڭ نامى ئەينى دەۋردىكى تەبرىزدە تونۇلغان. قىرائەت ئىلمىدىكى بۇ ئۇستاد تاجىددىن ئەلى مىنشارىي دەل ئاشۇ ئۇستاد مەۋلانا غىياسىددىن مۇھەممەد نەققاش رەھمەھۇللاھ دېگەن كىشى شۇ» دەپ يازىدۇ. (مەزكۇر كىتابنىڭ ھىجرىيە 1358 ـ يىلىدىكى 159 بەتلىك نەشرىنىڭ 1 ـ بېتىدىن ئېلىنغان.)

بەزى تەتقىقاتچىلار مۇھەممەد سىياھ قەلەمنى ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ دەشتى قىپچاق (قىپچاق دالاسى — ھازىرقى قىرغىزىستان، قازاقىستان قاتارلىق جايلارغا توغرا كېلىدۇ) خەلقلىرىدىن بولسا كېرەك دەپمۇ قارايدۇ. ئۇنىڭ رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگەن كۆرۈنۈشلەرنى ئۇنىڭ شەخسىي ھاياتى ۋە ياشىغان يەرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ، ئۇنى مەركىزىي ئاسىيالىق رەسسام، مىللىتى ئۇيغۇر دەپ قارايدىغانلارمۇ بار.

ئەلۋەتتە سىياھ قەلەمنى تەتقىق قىلغانلار پەقەت پارسلار ۋە تۈركلەرلا ئەمەس. بەلكى دۇنيانىڭ كۆپلىگەن دۆلەتلىرىدىكى تەتقىقاتچىلار سىياھ قەلەم ھەققىدە قىممەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. بۇلاردىن رىچارد ئېتتىنگئائۇسېن ئەڭ دەسلەپ باشتا بۇ مىنىياتۇرالارنىڭ 15 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا شىنجاڭدا سىزىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەندى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئەمەل ئەسىن مۇپەسسەل ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت بىرىكمىسىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويغان تەتقىقاتلىرىدا ئېتتىنگئائۇسېننىڭ كۆز قاراشلىرىنى سىياھ قەلەمگە ئائىت بىلدۈرگۈ سۈپىتىدە كەلتۈرگەن. تۈرك سەنئەت تارىخچىلىرىدىن بەيخان كارامەراغالى، فىلىز چاغمان ۋە زەرەن قاتارلىقلار سىياھ قەلەم ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى بىلەن مەشھۇر بولدى. ئۇلاردىن كېيىن سىياھ قەلەم ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇھىم تەتقىقاتلار 1980 ـ يىلدا لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېچىلغان خەلقئارالىق يىغىننىڭ تەتجىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغانىدى.

مۇھەممەد سىياھ قەلەم ئۇستىدە ئىزدەنگەنلەردىن يەنە ئوكتاي ئاسلاناپا ئۇنى ئۇيغۇر تۈركلىرىدىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى بولسا تۈركىي پۇراق كۈچلۈك، دەپ قارايدۇ.

ساكسىيان ياۋروپادا تونجى بولۇپ مۇھەممەد سىياھ قەلەمنى چىن (جۇڭگو) رەسسامى دەپ قارىغان ۋە ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭلىق كومارا سۇۋامىغا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان. بىنىيون، ۋىلكىنسون ۋە باشقىلار 1933 ـ يىلى مۇھەممەد سىياھ قەلەمنى «جۇڭگولۇق، شاھرۇخ مىرزىنىڭ زامانىدا ئۆتكەن» دېگەن قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئېۋان سېچوكىن: «مۇھەممەد سىياھ قەلەم تېمۇر دەۋرىدىكى باخشىلاردىن بولۇپ، ماۋەرائۇننەھردىكى سەنئەت مەكتەپلىرىگە تەۋە، جۇڭگو شىنجاڭلىق رەسسام» دەپ قارايدۇ. ئېتتىنگخاۋسىنمۇ بۇ قاراشنى قوللايدۇ.

ئېرنىست گروبې 1962 ـ يىلى مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ سىزغان رەسىملىرىگە ئاساسەن ئۇنى «تېمۇرىي دەۋرى رەسسامى» دېگەن ۋە 1968ـ يىلىدىكى تەتقىقاتىدا ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇنى شۇ دەۋردە تونجى پەيدا بولغان ھىرات ۋە سەمەرقەنت مىنىياتۇرا سەنئەت مەكتەپلىرىگە تەۋە دېگەن.

يۇقىرىقىدەك كۆز قاراشلار 1980 ـ يىلى ئامېرىكىدىكى ئون كۈنلۈك بىر ئىلمىي قۇرۇلتايدا تەكرار مۇلاھىزىگە قويۇلۇپ، مۇھەممەد سىياھ قەلەم ھەققىدىكى مەسىلىلەرگە بىر قەدەر قەتئىي قارارلارغا كېلىنگەن.

2. مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ ئۇستاز ۋە شاگىرتلىرى

«مۇھەممەد بىن مەھمۇد شاھ ھەييام» دېگەن نام بىلەن ئىستانبول توپقاپى سارىيىدىكى ئالبوملاردا ۋە بېرلىندىكى «دېيتىس» مەجمۇئەسىدە ساقلىنىۋاتقان مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدە ئۇستاد ئابدۇلھەي مۇسەننانىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن مۇھەممەد بىن مەھمۇد شاھنىڭ رەسىمىدىن ئىككى نەپەر ئۇيغۇر لوھان (روھان) يەنى باخشى، كاھىننى سىزغان رەسىمى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر رەسىمنىڭ ئاستىدا: «ئۇستاد ئابدۇلھەي نەققاشنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۆلگە قىلدىم، تۆۋەنچىلىك بىلەن كەمىنە مۇھەممەد بىن مەھمۇد شاھ ھەييام» دېگەن مەنىدىكى پارسچە ئىزاھات يېزىلغان. بۇنىڭدىن مەھمۇد بىن مۇھەممەد شاھ ھەييامنىڭ (يەنى مۇھەممەد سىياھ قەلەم) رەسىم سىزىشتا ئابدۇلھەي نەققاشنى ئۇستازىم دەپ بىلگەنلىكى، شۇنداقلا ئۇستازىم دەپ ئۆز قەلىمى بىلەن پەقەت ئابدۇلھەي نەققاشنىلا كۆرسەتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

ھەرقانداق بىر خاسلىق ياراتقان ئۇستازنىڭ سەنئىتىنى داۋاملاشتۇرغۇچى شاگىرتلىرى بولىدۇ. مۇھەممەد سىياھ قەلەمنى ئۇستاز تۇتقان كىشىلەر ئىچىدە ئەمىر خەلىل تەبرىزىي، سەييىد ئەھمەد تەبرى-

زىي، كەمالىددىن بىھزاد قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيا مىنىياتۇرا تارىخىدا 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 15 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئىنتايىن مۇھىم مىنىياتۇرىست رەسساملار بار.

مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ نورغۇنلىغان شاگىرتلىرى ئىچىدىن ئەمىر خەلىل ئۇستازىدىن ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئاساسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا نەپىس مىنىياتۇرا رەسساملىقىنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىنى ياراتقان رەسسام كامالىددىن بىھزادقا ئۇستاز بولغان. يەنى بۇنىڭدىن مۇنداق بىر باغلىنىشنى بايقايمىز: «مۇھەممەد سىياھ قەلەم - ئەمىر خەلىل تەبرىزىي - بىھزاد.»

دېمەك، ئوتتۇرا ئاسىيا مىنىياتۇراسىنىڭ ئۇستازى دەپ ئاتالغان كامالىددىن بىھزادنى ۋاستىلىك ھالدا مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ شاگىرتى دېيىشكە بولىدۇ.

شەرق مۇئەللىپلىرىنىڭ بايانىچە بىھزاد تېمۇرىيلار دەۋرى تەسۋىرى سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئاساسچىسى بولغان مەشھۇر رەسسام گوڭ (سۇقۇۋ) (تېگى شىنجاڭلىق ئۇيغۇر بولۇشى مۇمكىن)نىڭ شاگىرتى بۇخارالىق جاھانگىر ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى سەييىد ئەھمەد تەبرىزىنىڭمۇ شاگىرتى بولغانىكەن.

ئۇنداقتا ئەسلىي ئۇيغۇرلاردىن بولغان رەسسام مۇھەممەد سىياھ قەلەم تەبرىزدە بولۇپ، سەييىد ئەھمەد تەبرىزىي بىلەن دەۋرداش بولۇپ بىرلىكتە ئىشلىگەن. بەلكىم سەييىد ئەھمەد تەبرىزىينى ئۇستاز تۇتقان بىھزاد مۇشۇ ئۇستازى بىلەن بىر سارايدا ئىشلىگەن مۇھەممەد سىياھ قەلەم بىلەنمۇ كۆرۈشكەن، ھەتتا ئۇنىمۇ ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگەن بولۇشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.

غوجا غىياسىددىن (سىياھ قەلەم) ھېراتتا باغدادلىق رەسسام ئەمىر خەلىل بىلەن بىللە ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇ شۇ چاغدىلا ئاجايىپ غارايىپ رەسىملىرى بىلەن تۈركىي رەسسام سۈپىتىدە نام قازانغان. كېيىنچە ھېراتتىن تەبرىزگە بېرىپ تۇرۇپ قالغان. ھىجرىيە 830 - يىلى بايسۇنقۇر مىرزىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا رەئىس قىلىپ تەيىنلەنگەن. بۇ ئىشنى باشقا سەنئەتكارلار بىلەن بىرگە ئەمىر خەلىلمۇ تىلىغا ئالغان.

ئېنىق مەنبەلەردە دېيىلىشىچە، ھەزرەت نەۋايى كۇتۇپخانىسىنىڭ مۇدىرى ھاجى مۇھەممەد ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ تارىختىكى بىر ئىسمىمۇ «ھاجى مۇھەممەد» دەپ يېزىلغان. ئەگەردە بۇ ئىككى ھاجى مۇھەممەدنىڭ بىر ئادەملىكى ئىسپاتلانسا، «ئۇيغۇر نەسلىدىن بولغان ئەلىشىر نەۋايى ئۆز كۇتۇپخانىسىنىڭ باش مۇدىرىنىمۇ ئۇيغۇردىن تاللىغان» دېگەن گەپ.

يۇقىرىقىلاردىن مۇنداق يەكۈنگە كېلەلەيمىز: مۇھەممەد سىياھ قەلەم (ھاجى مۇھەممەد)، ئەمىر خەلىل تەبرىزىي، سەييىد ئەھمەد تەبرىزىي، باغدادلىق ئۇستاز شەمسىددىن (غوجا ئابدۇلقادىر) ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى ئابدۇلھەيلەر بىلەن كەمالىددىن بىھزادلار تېمۇرىيلار سارىيىدا بىرگە ئىشلەپ ئۆزئارا ئۆگەنگەن، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

ئىلگىرى بايسۇنقۇر مىرزىنىڭ دەۋرىدە تېمۇرىي سۇلالىسىنىڭ كۇتۇپخانا باشلىقى بولغان سىياھ قەلەم ھۈسەيىن بايقارا دەۋرىگە كەلگەندە نەۋايىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا باشلىق بولۇپ، يازما تارىخلاردا دېيىلگىنىدەك ‹ھاجى مۇھەممەد› دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالغان بولسا، نەۋايىنىڭ شاگىرتى بىھزاد، نەۋايى كۇتۇپخانىسىنىڭ باشلىقى بولغان ‹مۇھەممەد سىياھ قەلەم› بىلەن چوقۇم كۆرۈشكەن، ھەتتا بۇ ئىككىسى ئۆز ماھارىتىدە بىر - بىرىدىن قېلىشمىغۇدەك يۇقىرى ئىستېداتلىق بولۇشقان.

خۇلاسە شۇكى، سىياھ قەلەمنىڭ ئەتراپىدىكى دەۋرداشلىرى ئۇنىڭدىن كۆپ ئۆگەنگەن. چۈنكى ئۇ بىر يېگانە ئۇسلۇبنىڭ ساھىبى ئىدى. ئۇ بولسا باشقىلاردىن ئاز ئۆگەنگەن. كۆپلىگەن مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىشمۇ سەنئەتنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، نام - ئاتاق قوغلاشمىغان. شۇڭا بىلىم، ئەخلاق ۋە قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، باشقا دەۋرداشلىرىدەك يۇقىرى ئورۇنغىمۇ چىقمىغان.

كىتاب نۇر بىكتىپى www.nurkitap.com

**3. سىياھ قەلەمنىڭ ئىسمى ۋە تەخەللۇسى ھەققىدە**

تارىخ سەھىپىلىرىدە ۋە يېقىنقى بىر ئەسىردىن بۇيانقى تەتقىقاتلاردا ئۇنىڭ ئىسمى ۋە تەخەللۇسى بەزىدە بىرلەشتۈرۈلۈپ، بەزىدە ئايرىم ھالەتتە ھەرخىل ئاتىلىپ كەلگەن. مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ تارىختىكى ھەرخىل ئىسىم ۋە تەخەللۇسلىرى:

1. غىياسىددىن
2. غىياسىددىن مۇھەممەد
3. غىياسىددىن دوست مۇھەممەد
4. غىياسىددىن مۇھەممەد نەققاش تەبرىزىي
5. غىياسىددىن پىر ئەھمەد زەركوب
6. پىر ئەھمەد زەركوب تەبرىزىي
7. خوجە غىياسىددىن پىر ئەھمەد زەركوب تەبرىزىي
8. ھاجى مۇھەممەد نىگاھىي
9. ھاجى مۇھەممەد ھىرەۋىي (ھىراتلىق)
10. دوست مۇھەممەد
11. دوست مۇھەممەد ھىرەۋىي
12. مۇھەممەد بىن مەھمۇد شاھ ھەييام
13. دەرۋىش مۇھەممەد نەققاش (رابىنسون) مەۋلانا خوجا مۇھەممەد نەققاش (1507 ــ ؟)
14. مەۋلانا دەرۋىش مۇھەممەد
15. ئاجايىپ نىگار
16. سىياھىيسىم
17. سىياھ قەلەم
18. مۇھەممەد سىياھ قەلەم
19. ئۇستاد مەۋلانا تاجىددىن ئەلى مىنشارىي
20. قەلەمىي
21 ئۇستاز مۇھەممەد سىياھ قەلەم
22. ئۇستاد مەۋلانا غىياسىددىن مۇھەممەد نەققاش رەھمەھۇللاھ

يۇقىرىقىلارغا قارايدىغان بولساق، بەزىلىرى ئۇنىڭ رەسساملىق ھۈنىرىگە ئاساسەن بېرىلگەن نام بولسا، بەزىلىرى ئۇ ياشىغان شەھەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، بەزىلىرى ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى ۋە ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇلۇپ تولۇق ئاتالغان، يەنە بەزىلىرى ھۆرمەت نامى بىلەن ئاتالسا، بەزىلىرى پەقەتلا باشقا ئىسىم بىلەن ئاتالغان. بۇنىڭدىن رەسسامنىڭ ئۆمرىدە بىزگە نامەلۇم بولغان بەزىبىر سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر نەچچە خىل ئىسىم ئىشلەتكەنلىكىنى ھەمدە ئۆز نۆۋىتىدە بۇ خاسلىقتا يېگانە رەسسامنى كىشىلەر تۈرلۈك جايلاردا ھەرخىلناملاردا ئاتىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلساق بۇ مەسىلىلەرمۇ بارا ـ بارا ئايدىڭلىشىدۇ، ئەلۋەتتە.

تارىخىي مەنبەلەردە بۇ رەسسام ھەققىدە بىردىنبىر مەنبە ــ توپقاپى مۇزىيىدە ساقلىنىۋاتقان «فاتىھ ئالبومى» دەپ ئاتالغان رەسىم مەجمۇئەسىدىكى بىر نەچچە رەسىمنىڭ ئۈستىدىكى «ئۇستاز مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ ئىشى» (كارى ئۇستاد مۇھەممەد سىياھ قەلەم) دېگەن ئىمزادۇر. شەرق ئۆلكىلىرىنىڭ تارىخ بەتلىرىدە رەسسامنىڭ ئۆزىنى «ئۇستاد» دەپ ئاتىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلمىگەن. بەلكى بۇ

ئىسمىنىڭ، سەنئەتكارنىڭ ئۆز قولى بىلەن رەسىملەرنىڭ مەلۇم بىر جايىغا قويغان ئىمزاسىدىن بەكرەك سىزىلىشى گۈزەل ۋە دەۋرىدىكى ھەرقانداق بىر رەسىمگە ئوخشىمايدىغان شەكىلدە سىزىلىشى، بۇ ئىمزانىڭ كېيىنچە رەسىملەرنىڭ ئىزاھاتى يېزىلغاندا قوشۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىمزادىكى «كارى ـ ئىشى» دېگەن سۆزمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ. يەنى رەسسام ئۆزىنىڭ ئەسىرىگە «ئۇستاز پالانچىنىڭ قىلغىنى، سىزغىنى») دەپ يازمايدۇ. شۇنىڭدىن بىلىمىزكى، رەسسامغا بۇ نام ئۇسلۇبقا قاراپ بېرىلگەن ۋە تارىختا شۇ بويىچە تونۇلۇپ كەلگەن.

ھافىز ئەبرۇنىڭ «زۇبدەتۇت ـ تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە دېيىلىشىچە، رەسسام مۇھەممەد سىياھ قەلەم «سەفەرنامەيى قەلەمى» (قەلەمىينىڭ سەپەرنامىسى) دېگەن كىتابنى يازغانىكەن. بۇ سەپەرنامىنىڭ ئىسمىنى ھافىز ئەبرۇ ئۆزى شۇنداق ئاتىدىمۇ ياكى رەسسام ئۆزى قويغانمۇ؟ ئەسەرنىڭ قول يازمىسى بىزنىڭ قولىمىزدا بولمىغانلىقتىن بۇ مەسىلىگە ئېنىق بىر نىمە دېيەلمەيمىز. ئەگەر ئاپتور كىتابنى ئۆز قولىدا يېزىپ ئەسەرنىڭ ئىسمىنى ئۆز لەقىمى بىلەن قويغانلىقى ئېنىق بولسا كىتابنىڭ ئىسمىدىن شۇنى بىلەلەيمىزكى رەسسام مۇھەممەد سىياھ قەلەم ئۆزىگە «قەلەمىي» دەپ تەخەللۇس قويغان. بايسۇنقۇر مىرزا ئەۋەتكەن ئەلچى تۈرۈقلۇق ئەسىرىنىڭ ئىسمىنى ئەنە شۇ دەۋرنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىماستىن ئۆز تەخەللۇسى بىلەن ئاتىغانلىقى ئۇنىڭ مۇستەقىل پىكىرلىك، ھۆكۈمدارلارغا خۇشامەت قىلمايدىغان ھەقىقىي مەنىدىكى سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىسپاتلايدۇ.

بەزى مەنبەلەردە «بۇ رەسسام رېئالىزملىق ۋە خىيالىي فانتازىيەلىك ئۇسلۇبتا مىنىياتۇرا رەسىم ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. قەمەرىيە 9 ـ ئەسىردە ‹سىياھىيسم›، نامى بىلەن تونۇلغان، غىياسىددىن نەققاش دېيىلگەن» دەپ يېزىلغان.

يەنە بەزى مەنبەلەردە سىياھ قەلەم ئەسلىي تەبرىزلىك ئۇيغۇر رەسسام بولۇپ، سەييىد ئەھمەت تەبرىزىي، خوجا ئەلى مۇسەۋۋىر، قەۋامۇددىن مۇجەللەد تەبرىزىي قاتارلىقلار بىلەن دەۋرداش بولۇپ بىرلىكتە ئىشلىگەن. ھىجرىيە 810 ـ يىلى بايسۇنقۇرنىڭ ۋاقتىدا ھىراتقا كەلگەن. ھىراتتىكى رەسىمخانىدا باغدادتىن كەلگەن ئەمىر خەلىل بىلەن بىللە ئىشلىگەن. ھىراتقا نىسبەتەن تەبرىزلىك كىشى ھېسابلانغاچ كىشىلەر ئۇنى ‹غىياسىددىن نەققاش تەبرىزىي›، دەپ ئاتىغان.

يەنە بىر تارىخىي تاسادىپىيلىق شۇكى، مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ تارىختىكى ھەرخىل ئىسىملىرى ئىچىدىكى پىر ئەھمەد زەركوب تەبرىزىي دېگەن ئىسىم بىلەن كامالىددىن بېھزادنىڭ تېمۇرىيلار سارىيىدىكى ئۇستازلىرىنىڭ ئىچىدىكى سەييىد ئەھمەد تەبرىزىنىڭ ئىسمى بىر ئىسىم بولۇپ چىقىش ئېھتىماللىقى چوڭ، چۈنكى بۇ ئىككى ئىسمىنىڭ ئەھمەد تەبرىزىي دېگەن ئاساسىي قىسمى ئوخشاش، پەقەتلا شۇ «پىر، سەييىد» دېگەن ھۆرمەت ناملىرىلا ئارتۇق.

بەزىلەر ئۇنىڭ كۆپىنچە ئىشلەتكەن رەڭلىرىنىڭ قارا ۋە شۇنىڭغا مايىل رەڭلەر ئىكەنلىكىگە قاراپ، ئۇنىڭ لەقىمىنى ‹سىياھ قەلەم›، دەپ ئاتىغان ياكى ئۆزىنى ‹قەلەمىي›، دەپ ئاتىغان بولسا كىشىلەر ئۇنىڭ قوللانغان ئاساسىي رەڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ‹سىياھ قەلەم›، دېگەن بولۇشى مۇمكىن.

غىياسىددىن نەققاشنىڭ ئىسمى تېمۇرىي تارىخىي مەنبەلىرىدە غىياسىددىن دەپلا ئېلىنغان. كېيىنكىلەر ئىسمىنىڭ كەينىگە ھەرخىل ئۇنۋان ناملىرىنى قوشۇپ ئېيتىشقان.

غىياسىددىن نەققاش بىلەن غىياسىددىن پىر ئەھمەد زەركوبنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بەھرام مىرزا دېگەن كىشى بىر ئەسىرىنىڭ (2001 ـ تاجىكىستان نەشرى. 14 ـ بەت) كىرىش سۆزىدە تىلغا ئالغان. بايسۇنقۇر مىرزىنىڭ ئۆز ئوغلى ئەلائۇددەۋلە مىرزا بىلەن بولغان ئۆرۈشى توختاپ ھىجرىيە 837 ـ يىلى ھەممە رەسساملار تەبرىزدىكى كۆتۈپخانىغا يىغىلغان. خوجە غىياسىددىن پىر ئەھمەد زەر-

كوبنى تەبرىزدە ئۆلارنىڭ (گۈزەل ـ سەنئەتتىكى) ئۇستازى قىلىپ تەيىنلىگەن. بەلكىم شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا تەبرىزىي دېگەن لەقەم سىڭگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر بۇ يەردە دېيىلگەن غىياسىددىن مۇھەممەد نەققاش بىلەن بايسۇنقۇر مىرزىنىڭ دەۋرىدىكى غىياسىددىن نەققاش بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ تەخەللۇسىنىڭ «ئۇستاد مۇھەممەد سىياھ قەلەم» دەپ ئاتالغىنىغا قاراپ مۇنداق دېيىشكە بولىدۇ: غىياسىددىن نەققاشنىڭ رەسىملىرىگە قاراپ كىشىلەر ئۇنى سىياھ قەلەم دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ قۇرئان قىرائەت ئىلمىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھۆرمەت نامى سۈپىتىدە «مۇھەممەد» دېگەن ئىسمىنى قوشۇپ «ئۇستاد مۇھەممەد سىياھ قەلەم» دەپ ئاتىغان بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

بۇنداق دېيىشتە مۇنداق بىر ئاساس بار:

ئىراقنىڭ كەربالا شەھىرىدە ئۆتكەن ھافىز ھۈسەيىن كەربالايى دېگەن كىشى «رەۋزەتۇل ـ جىنان» (جەننەتكە كىرەلىگۈچىلەرنىڭ باغچىسى) ناملىق كىتابىدا مۇھەممەد سىياھ قەلەم ھەققىدىمۇ مەلۇماتلارنى بەرگەن. ئۇ كىتابىدا مەۋلانا تاجىددىن ئەلى مىنشارىي دېگەن كىشى ھەققىدە يېزىپ كېلىپ: «قىرائەت ئىلمىدە دەۋرىنىڭ مەشھۇر كىشىسى ئىدى، ئۇنىڭ نامى ئەينى دەۋردىكى تەبرىزدە تونۇلغان. قىرائەت ئىلمىدىكى بۇ ئۇستاد تاجىددىن ئەلى مىنشارىي دەل ئاشۇ ئۇستاد مەۋلانا غىياسىددىن مۇھەممەد نەققاش رەھىمەھۇللاھ دېگەن كىشى شۇ» دەپ يازىدۇ. (مەزكۇر كىتابنىڭ ھىجرىيە 1358 ـ يىلىدىكى 159 بەتلىك نەشرىنىڭ 1 ـ بېتىدىن ئېلىنغان.)

مەۋلانا تاجىددىن مىنشارىي تېمۇر ۋە شاھرۇخ زامانىسىدا ياشىغانىكەن، مۇھەممەد سىياھ قەلەم بولسا بايسۇنقۇر مىرزىنىڭ ھامىيلىقىدىكى ھىرات تەبرىزلەردە ياشىغان دېيىلىدۇ. شاھرۇخ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى بايسۇنقۇر ئوخشاش بىر دەۋردە ھاكىمىيەت سۈرگەن. شاھرۇخ چوڭ پادشاھ بولسا، بايسۇنقۇر ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ھىرات ۋە تەبرىز قاتارلىق سۈيۈرغاللىق زېمىننى باشقۇراتتى. بىر ھېسابتا، مەۋلانا تاجىددىن ئەلى مىنشارىي بىلەن مۇھەممەد سىياھ قەلەم ياشىغان دەۋرمۇ ئوخشاش بىر زامانغا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، تاجىددىن ئەلىنىڭ مۇھەممەد سىياھ قەلەم بىلەن بىر ئادەم ئىكەنلىكى زامان جەھەتتىنمۇ ماس كېلىدۇ.

4. مۇھەممەد سىياھ قەلەم مەنسۇپ بولغان سەنئەت مەكتىپى

خەلقئارا مىنىياتۇرا تەتقىقاتچىلىرى ئارىسىدا بەزىدە ھىرات مىنىياتۇرا مەكتىپىگە، بەزىدە تەبرىز مىنىياتۇرا مەكتىپىگە تەۋە قىلىپ تەتقىق قىلىنىپ كەلمەكتە.

خەلقئارادا مۇھەممەد سىياھ قەلەمنى ھېچقانداق مىنىياتۇرا مەكتىپىگە تەۋە قىلماستىن ئۇنى «سىياھ قەلەم ئۇسلۇبىنىڭ يېگانە پېشۋاسى» دەپ تەتقىق قىلىدىغانلارمۇ بار. ئەمما ئۇ بىر ئادەم ۋە ئۇنىڭ رەسىملىرىنى دوراپ سىزغانلار «سىياھ قەلەم» نامىدا مىنىياتۇرا مەكتىپى شەكىللەندۈرگەنلىكى مەلۇم ئەمەس ئەلۋەتتە.

ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇر خەلقىدىن ئىكەنلىكى ئاساسەن مۇقىملاشتى. ئۇنىڭ سەنئىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە پەقەت ۋە پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىلا مەيدانغا چىقالايدىغانلىقى كۆپلىگەن مەنبەلەردە ئېنىقلاندى. بۇ توغرىدا يۇقىرىدا ئىنتايىن كۆپ تەپسىلىي مىساللار كەلتۈرۈلدى. شۇلارغا ئاساسەن مۇھەممەد سىياھ قەلەمنى ئالدى بىلەن تەۋە بولغان قوۋمىنىڭ سەنئىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتلىرىمىزدا ئۇنى ئۇيغۇر مىنىياتۇرا مەكتىپىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە تەتقىق قىلىش ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى

توغرا شەرھلەپ بېرىشتە ئەڭ ئاقىلانىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

5. جۇڭگوغا ئەلچىلىككە بېرىش مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك سەپەردۇر

تېمۇرىيلار ھۆكۈمدارى شاھرۇخ سۇلتان دەۋرىدە شاھرۇخ ۋە ئۇنىڭ سۆيۈرغال زېمىنلارنى باشقۇرۇپ تۇرغان ئوغۇللىرىنىڭ ئەلچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئەلچىلەر ئۆمىكى ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەن. رەسسام شۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى تەركىبىدە شاھرۇخ سۇلتاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى بايسۇنقۇر مىرزىنىڭ خاس ئەلچىلىرى قاتارىدا ئەلچىلىككە بارغانىدى.

ھافىز ئەبرۇنىڭ «زۇبدەتۇت ـ تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە دېيىلگەنىدەك، جۇڭگوغا قىلىنغان بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ باشلانغان كۈنى 822 ـ يىلى شەئبان ئېيىنىڭ 17 ـ كۈنى بولۇپ، رەسسام مۇھەممەد سىياھ قەلەم بۇ جەرياندا «سەفەرنامەيى قەلەمى» (قەلەمىي تەخەللۇسلۇق كىشى يازغان سەپەرنامە) دېگەن كىتابنى يازغانىكەن. رەسسامنىڭ سەپەرنامىسى ئىككى بولۇپ، بىرسى كىتاب شەكلىدە يېزىلغان، بىرسى ئۇنىڭ سەپەردە سىزغان رەسىملىرى توپلىمى ئىكەن. ياقۇپ ئاژەندەمۇ ئۆز تەتقىقات كىتابىدا بۇ پىكرىنى قوللىغان.

بۇ بايانلارنى ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى ئوردا خاتىرىسىدىكى ئوخشاش مەزمۇن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولىدۇ. ئېلىمىز تارىخ تەتقىقاتچىسى ۋاڭ جىلەي ئەپەندىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي تارىخى» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە مۇنداق بايان بار: «تېمۇرىيلار سۇلالىسى 1419 ـ يىلى ئەڭ چوڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى تەركىبىدە، شاھرۇخ مىرزىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ‹بايسۇنقۇرنىڭ ۋەكىلى خوجا غىياسىددىن بىر رەسسام ئىدى، ئۇ بۇ ئۆمەك بىلەن جۇڭگوغا كەلگۈچە يول ئۈستىدە كۆرگەن، ئاڭلىغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللارنى، مۇھىم شەخسلەر، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىقلارنى ئۇدۇللۇق خاتىرىلەپ ماڭغان.›»

6. سىياھ قەلەمنىڭ رەسىم سەنئىتى

رەسسام جۇڭگودىن قايتىپ كېلىپ، تېمۇرىيلارنىڭ ۋاقتىدا ۋە ئاققويۇنلۇ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى تەبرىزدە رەسىم سىزغان. بۇ رەسىملەر سەفەۋىي سۇلالىسىنىڭ كىتابخانىسىدا ساقلانغان. رەسسام 863 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ۋاپاتىدىن 57 يىل كېيىن، يەنى ھىجرىيە 920 ـ يىلى چالدىراندىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان ئوسمانلى سۇلتانى ياۋۇز سۇلتان سەلىم تەرىپىدىن تەبرىزدىكى ھەشت بېھىشت سارىيىدىن ئىستانبۇلغا غەنىيمەت ئېلىپ كېتىلگەن.

توپقاپى سارىيىدا ساقلانغان مەزكۇر رەسىملەر ھەققىدە يېقىنقى بىر ئەسىر جەريانىدا كۆپلىگەن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى.

بۇ رەسىملەر تۇنجى قېتىم 1910 ـ يىلىدا مىيۇنخېندا ماكس ۋان بىرھامنىڭ قوللىشى بىلەن سەنئەت دۇنياسىغا ئاشكارىلانغان ۋە كېيىنكى يىللاردا ئۇنتۇلۇپ قالغان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، شۇ دەۋردىكى توپقاپى مۇزېيىنىڭ دىرېكتورى تاھسىن ئۆز دېگەن كىشى ئالبوملاردىن بىرىدىكى فاتىھ سۇلتان مەھەممەتنىڭ 2 پارچە رەسىمىنىڭ بارلىقىغا ئاساسەن بۇ ئالبومنى «فاتىھ ئالبومى» دەپ ئاتىغان. بۇنداق ئاتاش ئىلىم ساھەسىدە ئۇزاق يىل ھۆكۈم سۈرگەن خاتالىققا يول ئېچىپ قويغان. كېيىن زەكىي ۋەلىدى توغان بۇ ئەسەرلەرنى 1514 ـ يىلى ئوسمان ئىمپېرىيەسى پادشاھى ياۋۇز سۇلتان سەلىمنىڭ دەۋرىدە تۈركىيەدىكى توپقاپى سارىيىغا ئېلىپ كېلىنگەنلىك ئېھتىماللىقى زور دەپ قارىغان.

سىياھ قەلەم رەسىملىرى بىزنى ھەرخىل تىپلار بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. بۇلار ئىچىدە ئوخشىمايدىغان ئىرقلاردىن ۋە خەلقلەردىن بولغان تىپلارنى كۆرىمىز. ئەمما، سىياھ قەلەم بۇلار بىلەنمۇ كۇپايىلەنمىگەن،

رەسىم مەزمۇنىغا خىيالىي ئوبرازلارنىمۇ كىرگۈزگەن. مەسىلەن: كىشىگە قورقۇنچ سالىدىغان جىنلار ۋە دېۋىلەر؛ ئۇرۇشۇۋاتقان، ساز چېلىۋاتقان، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، نامەلۇم بىر تەڭرىگە قۇربانلىق بېرىۋاتقانلار...

سىياھ قەلەم رەسىملىرى جانلاندۇرغان مەزمۇننىڭ مۇناسىۋەتلىك تېكىستلىرى يېزىلمىغانلىقى ئۈچۈن دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. بىز پەقەت بۇ مەزمۇنلارنى باش پېرسوناژلىرىنىڭ ئوبرازلىرىدىن رەسىم ئارقىلىق كۆرىمىز. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆز ئۇسلۇبىدا تۇنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى رەسسام ئىدى. ئۇنىڭ رەسساملىقتا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك نەتىجە قازانغانلىقى راست.

ھەرقانداق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سەنئەتكارنىڭ ھاياتى دېگەندەك ئوڭۇشلۇق بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئۆز دەۋرىدىكى سەنئەتنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىنى ھېس قىلمايدىغان دەۋر ھۆكۈمرانلىرى ۋە كېيىنكى ھۆكۈمرانلار دەۋرى سىياھ قەلەمنىڭ رەسىملىرىنى غەلىتىلىكى ئۈچۈن تاللاپ ساقلىغان ۋە ئۇنى ئەتىۋارلاپ، كۇتۇپخانا رەئىسى ۋە دۆلەتنىڭ خاس ئەلچىسى دېگەندەك مەرتىۋىلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، كىتابلارغا چىرايلىق نەپىس رەسىملەرنى سىزىدىغان كامالىددىن بېھزادنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلىمىگەن، ئۆز ھىمايىسىگە ئالمىغان، ھەتتا رەسسام سىياھ قەلەمگە كۆپ ئازارلارنى بەرگەن. بەزى تەتقىقاتچىلار رەسسامنىڭ رەسىملىرىدىكى ئومۇمىي كەيپىياتنىڭ ناھايىتى بىسەرەمجان، قاراڭغۇ، ھەتتا قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىگە قاراپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا دېۋەڭلىك ياكى ئاق كېسەلدەك كىشىگە قاتتىق روھىي زەربە بېرىدىغان بىرەر كېسەللىككە گىرىپتار بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپمۇ قارايدۇ. بۇ ھال سىياھ قەلەمنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك سىياھ قەلەمنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ شۆھرىتى، ھەتتا ئاددىيسى ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتىمۇ ھەرخىل ئېنىقسىزلىقلارغا ۋە سىرلىق مەنبەلەرگە باغلانغان.

### 7. سىياھ قەلەمنىڭ چوڭ ھەجىملىك رەسىملىرى ۋە ساراي ئالبوملىرى

بۇنداق رۇلو (يەنى تويلام ھالەتتىكى، چوڭ ھەجىملىك بىر يۈرۈش) رەسىملەر ئاسىيادا مانىي ۋە بۇددا مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

رەسسام مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ رەسىملىرى ئۇنىڭ تارىختا ھەقىقىي ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىردىنبىر جانلىق ئىسپات بولۇپ، سىياھ قەلەمنىڭ رۇلولىرى تارىخنىڭ مەلۇم بىر دەۋرىگە كەلگەندە نامەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ھەرخىل يەرلەردە، پارچە ـ پارچە شەكىلدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئەسلىدە پۈتۈن ھالەتتە سىزىلغان رەسىملەرنىڭ كېيىنچە پارچىلىنىپ ئالبوملارغا چاپلانغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئەگەر ئۇلارنى قايتىدىن بىرلەشتۈرسەك ناھايىتى زور بوشلۇق بارلىقىنى بىلەلەيمىز، يەنى پارچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يوقاپ كېتىپ، ئاز بىر قىسمىنىڭلا بىزگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز. شۇڭا قولىمىزدىكى رەسىملەر ھەممىسى بىرلەشتۈرۈلسىمۇ ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرۈش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. سىياھ قەلەمنىڭ سەنئىتى ۋە ھاياتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەرقانداق سەنئەت تارىخى تەتقىقاتچىسى كۆپىنچە يازما تارىخ بىلەن ئەمەس، بەلكى پارچىلىنىپ كەتكەن رەسىملەر ئارىسىدا ئىشلەشكە، ئۇنىڭ ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى تىلسىز تارىخ بولۇپ بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەنە شۇ رەسىملەردىن تېپىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

### 8. سىياھ قەلەم سەنئىتىنىڭ ئانا يۇرتى

مۇھەممەد سىياھ قەلەم سەنئىتىنىڭ ئەڭ چوڭ مەنبەسى بۈيۈك يىپەك يولى ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق. بۇ يولدىن ئوخشاش ۋاقىتتا مەدەنىيەتلەر، ئېتىقادلار، ئەپسانىلەر ۋە سەنئەتلەرمۇ يىراق يىراقلارغا تارقالغان. سىياھ قەلەمنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكۈزۈلگەن كۆپىنچە مەزمۇن ئەينى دەۋردىكى يىپەك

يولىنىڭ مەنزىرىلىرىدۇر. ئۇز نۆۋىتىدە بۇلار ئارىسىدا يىپەك يولى تەرىپىدىن شەكىللەنگەن مەدەنىيەتلەرگە تەۋە ئۇيغۇر، خەنزۇ، موڭغۇل قاتارلىق ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك ۋە شىنجاڭنى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مىللەت، قوۋملار، ياۋروپالىق ۋە خىرىستىيانلارمۇ تەسۋىرلەنگەن.

سىياھ قەلەمنىڭ ئۇسلۇبىدا چوڭ جەھەتتىن جۇڭگوچە تەسىر ئەڭ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ رەسىملىرىنى ياخشىلاپ كۆزىتىدىغان بولساق، كۆپىنچىسىدە ئېلىمىز جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن داڭلىق رەسساملىرىنىڭ ئۇسلۇبى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ پېرسوناژلار ئۇچۇن سىزغان شەكىللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى غەربىي ديار دەپ ئاتالغان شىنجاڭ رايونىدىن تاڭ دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە غەربىي رايون ئالاھىدىلىكى بويىچە رەسىم سىزىپ داڭق قازانغان مىياۋ جوڭ دا بىلەن لۇ لېڭ جيا ۋە يەرلىك خەنزۇ رەسساملاردىن شۇ شىيۇ، يەن خۇي، دەي جىن قاتارلىقلارنىڭ پېرسوناژ شەكىللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بەكلا يېقىن.

مۇھەممەد سىياھ قەلەم بىلەن بۇلارنىڭ رەسىملىرىدە سىزىلغان قوپال چىرايلار ئوخشاشلا ئەنە شۇ تارىختا «غەربىي ديار» دەپ ئاتالغان شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى ھەرخىل مىللەتلەرنىڭ چىراي ئىپادىلىرىدىن ئىبارەت. ئەمما، مۇھەممەد سىياھ قەلەم بىلەن بۇلارنىڭ ئىشلەتكەن سىزىقلىرى ئىچىدە مۇنداق بىر پەرق بار. يەنى، غەربىي ديار پۈرىقىنى گەۋدىلەندۈرگەن يۇقىرىقى جۇڭگوچە رەسىم ئۇستازلىرىنىڭ سىزىقلىرى جۇڭگوچە رەسىمنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئىنتايىن نەپىس ۋە مۇرەككەپ، كىيىم قاتلاقلىرى ئەمەلىيەتكە بەكرەك ئۇيغۇن كۆرۈنىدۇ. مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ رەسىملىرىدە سىزىقلار ئەمەلىيەتتىكىدىن پىششىقلاپ ئىشلىنىپ بىر دەرىجە يۇقىرى سەۋىيەدە سەنئەتلىك ئىپادىلەنگەن.

مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ ئەسەرلىرىدىكى جىن ـ ئالۋاستىلار، دېۋىلەر ئوبرازى تاڭ دەۋرىدىكى پېرسوناژ رەسسامى مىياۋ جوڭ دا بىلەن دەۋرداش ۋە ئۇستاز شاگىرتلىق مۇناسىۋىتىدە بولۇشقان مەشھۇر رەسسام ۋۇ داۋ زىنىڭ جىن ـ ئالۋاستى تەسۋىرلىرىگە ئالاھىدە ئوخشىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن نى زەن، مىڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن دېڭ يۈن گېلارنىڭ جىن ئالۋاستىلىرىغا سېلىشتۇرغاندىمۇ شۇنداق كۆپ ئوخشاشلىقلارنى بايقىغىلى بولىدۇ.

مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ رەڭ ئۇسلۇبى بىر خىل ھازىرقى سىيدام سىزمىغا يېقىن چىققان. يەنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلەرنى بوياش ئۇسلۇبى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان رەسسامى گۇ كەي جى بىلەن ئوخشاشراق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بەلكىم بۇ بىر تاسادىپىيلىقتۇر، ياكى مۇھەممەد سىياھ قەلەم جۇڭگوغا كەلگەندە جۇڭگوچە رەسىملەرنىڭ ئارىسىدا گۇ كەي جىنىڭ رەسىملىرىنى كۆرۈپ ئىلھام ئالغاندۇ. سىياھ قەلەم پېرسوناژلىرىنىڭ ئايرىم بىر قىسىملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئادەملەر جىنلار، ئەجدىھالار، ھەرخىل جانلىقلار، شامانلار ۋە دەرۋىشلەرنىڭ تەسۋىرلىرى كۆپ بولۇپ، كۆپىنچە پېرسوناژلار يۈزلىرى خۇنۇك، مەينەت رەڭلەردە، خۇسۇسەن قەھۋە رەڭ ياكى سۇس قارا رەڭلەر بىلەن سىزىلغان. بۇ فانتازىيەلىك شەكىللەر رەسسامنىڭ ئادىتى بويىچە بىر ـ بىرىگە قارشى تەسۋىرلىنىپ ئاساسەن دېگۈدەك ئارقا كۆرۈنۈشتە ھېچبىر مۇھىتنىڭ تەسۋىرى يوق. لېكىن بۇ ئۇسلۇب يىراق شەرق يەنى جۇڭگو سەنئىتىگە نىسبەتەن يەنىلا پەرقلىق بولۇپ، شەرق سەنئىتىگە نىسبەتەن ئۇ يەنىلا «چەت ئەل ئۇسلۇبى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سىياھ قەلەم رەسىملىرىدە جۇڭگو ئۇستىلىرىنىڭ نەپىس سىزىشلىرىغا ئوخشىمايدىغان قوپال، كېلەڭسىزلىكنى كۆرىمىز. يىراق شەرق سەنئىتىدە بۇنىڭغا ئۆرنەك بولالايدىغان ياكى ئۆز ئەينى ئوخشايدىغان بىر ئۇسلۇبنى تاپالمايمىز. ئەمما مۇھەممەد سىياھ قەلەم رەسىملىرى جۇڭگو قەدىمكى زامان رەسساملىرىدىن ئۆرنەك ئالغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ر.ئېتتىنگخائۇسېن سىياھ قەلەمنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ نەپىس

ئوردا ـ ساراي سەنئىتىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن يىراق، پەقەت جۇڭگوچە تەسىرنى ئاسان قوبۇل
قىلالايدىغان بىر رايوندا سىزىلغان بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئېتتىنگخائۇسېننىڭ قارى-
شىچە «سىياھ قەلەم ياشاپ ئىجاد قىلغان يەر ئىران ئەمەس، ماۋەرائۇننەھر بولۇشى كېرەك». ئەمما، ھا-
زىرغىچە بۇ رەسىملەرنىڭ زادى قەيەردە سىزىلغانلىقى بوگۇنگىچە يازما ئىسپات بىلەن مەلۇم ئەمەس.

پەقەت تەتقىقاتلار چوڭقۇرلاشقانسېرى ئېتتىنگخائۇسېننىڭ بۇ يەرنى «ئوتتۇرا ئەسىردىكى شىنجاڭ
ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونى»دىن ئىزدىگەنلىكىنى توغرا دەپ تەستىقلايدىغان يىپ ئۇچلىرى ئوتتۇرىغا چىق-
تى.

شىنجاڭ ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونلىرىدا كۆرۈلىدىغان خاسلىقلار سىياھ قەلەم رەسىملىرىدە ئېنىق
كۆرۈنىدۇ. بۇ رايوننىڭ تارىخىدا كۆچمەن بوزقىر قوۋملىرى، بولۇپمۇ 12 ـ ئەسىردە بۇ رايونغا كەلگەن-
لەردىن قىتانلار زور رول ئوينىغان. بۇلار ئېلىپ كەلگەن ئىدىيە، قائىدە ـ تۈزۈملەر ۋە ئەنئەنىلەر، چۆ-
چەك ۋە ئەپسانە-رىۋايەتلەر بۇ يەردە بىخلانغان ۋە ئۇزاق مەزگىل مەۋجۇدلۇقىنى قوغداپ تۇرغان. سىياھ
قەلەم رەسىملىرىدە ئىشلىتىلگەن باش تېمىلار بۇ پىكىرنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن بەلگىلەر بىلەن تە-
مىنلەيدۇ.

مېنىڭچە بىزنى قىزىقتۇرىدىغان يەنە بىر تەرەپ شۇكى، مۇھەممەد سىياھ قەلەم رەسىملىرىدە ئەينى
زاماندىكى شىنجاڭدا ياشىغان ھەرخىل مىللەت، ئىرقلار سىزىلىدۇ ـ يۇ، نېمە ئۈچۈن ئۇلاردا ئىسلام دى-
نىنىڭ ئىزنالىرى چوڭقۇر كۆرۈنمەيدۇ؟

چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئەينى دەۋردە جۇڭگونىڭ رەسساملىقىلا ئەمەس باشقا مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىمۇ
يىپەك يولى ئارقىلىق غەربكە تارقىلىپ، داڭق قازانغان. مۇھەممەد سىياھ قەلەمگە جۇڭگو رەسساملىقى-
نىڭ تېخنىكىسى تەسىر قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن خەنزۇچە تۇرمۇش شەكلى،
ئۆرپ ـ ئادەت ۋە بۇددا دىنى تەسىرى؛ شىنجاڭ رەسساملىقىدا ئىپادىلەنگەن بۇددا، مانى، نەستورىي،
ئىسلام دىنى تەسىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر تۇرمۇشى ئاساس قىلىنغان باشقا ھەرخىل قوۋملەرنىڭ ئۆزگىچە
كۆرۈنۈشلىرى بىرلىشىپ ئاجايىپ مول مەنىلەرگە ئىگە، ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان خاس ئۇسلۇبنى
مەيدانغا كەلتۈرگەن. ئىككىنچىدىن، مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ سەنئەت ھاياتىدا بۇرۇلۇش خاراكتېرىگە
ئىگە سەپەر جۇڭگوغا ئەلچىلىككە بېرىش سەپىرى داۋامىدا ئۇنىڭ مەدەنىيەت ۋە تىل جەھەتتىكى ئەڭ كۆپ
ماتېرىيال توپلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە شىنجاڭنىڭ رەسساملىق ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى چوڭقۇرلاپ
چۈشىنىپ ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولغان. رەسسام شىنجاڭغا كەلگەن دەۋر 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى بو-
لۇپ، بۇ دەۋردە شىنجاڭنىڭ قومۇل، تۇرپان قاتارلىق رايونلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئىسلام دىنىنى قو-
بۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نەچچە ئەسىرلىك تەسىرگە ئىگە بۇددا دىنى مەدەنىيىتى بىلەن يېڭىدىن بۇ
زېمىنلاردا ئومۇملىشىۋاتقان ئىسلام مەدەنىيىتى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەزگىل ئىدى.

دىققەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىك بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، مۇھەممەد سىياھ قەلەم چەت ئەللىكلەر-
نىڭ بەزى تەتقىقاتلىرىغا قارىغاندا جۇڭگوغا ئۈچ قېتىم ئەلچىلىككە كەلگەن. بۇنداق بولغاندا بۇ ھال ئۇ-
نىڭ جۇڭگو، شىنجاڭ مەدەنىيىتىگە پىششىق ۋە ناھايىتى ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

سىياھ قەلەم توغرىسىدىكى يۇقىرىقى تەپسىلاتلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، مۇھەممەد سى-
ياھ قەلەم 15 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مىنىياتۇرا مەكتىپىنىڭ ئەڭ مەشھۇر مىنىياتۇرا رەسسامى. سارايدىن بەك-
رەك خەلق ئىچىگە، شەرق سەنئىتىگە سىڭىپ ئۆتكەن بىر سەنئەتسۆيەر رەسسام. ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبىدا
تۇنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى شەخس.

مۇھەممەد سىياھ قەلەم ۋە ئۇنىڭ سەنئىتى ئۈستىدە تەتقىقات تېخى ئانچە ئۇزاق يىللار داۋاملاشمىغان

بولسىمۇ، خەلقئارادا مەلۇم كۆلەم ھاسىل قىلدى. ھالبۇكى، شىنجاڭدا مۇھەممەد سىياھ قەلەم ۋە ئۇنىڭ
سەنئىتى ھەققىدە تەتقىقات ۋە ئۆگىنىشنى تېخى ھېچقانچە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرەلمىدۇق. ئاتاقلىق
رەسساممىز غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ شىنجاڭ سەنئىتىدە ئېلان قىلىنغان يۇقىرىقى بىر پارچە ماقالـ
سىدىن باشقا ئەسەر ئېلان قىلىنغىنى يوق. بۇ توغرىدا چەت ئەلنىڭ تەتقىقات مېۋىلىرىنى تولۇق بولمـ
سىمۇ تونۇشتۇرۇش ئىشى تېخى روياپقا چىقمىدى. ھۇلاكۇخان دەۋرىدىكى تەبرىزدە ئۇستاز بولغان ئۇيغۇر
مىنىياتۇرا رەسساملىرى بىلەن مۇھەممەد سىياھ قەلەمدەك كىلاسسىك مىنىياتۇرپەست رەسساملىرىمىز
ھەققىي تۈردە ئېلىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا ئېتىراپ قىلىنىپ، بىر تەرەپتىن جۇڭخۇا مەدەنىيەت ـ سەنـ
ئەت تارىخىغا شانلىق بىر مەزمۇن قوشۇلسا، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر مىنىياتۇراچىلىقى تارىخى چەت ئەلـ
لەردە ھەرخىل خاتا كۆز قاراشلار ئاستىدا تەتقىق قىلىنىشتىن خالاس بولىدۇ.

بۇنىڭدا كەڭ تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بىرلىكتە كۈچ چىقىرىشى ئىنتايىن مۇھىم، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ
بىلەن بىللە خەلقئارادىكى تارىخ تەتقىقات مېۋىلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇپ، تەرجىمە قىلىش، ھەمدە
مەملىكىتىمىز ئىچىدە خەنزۇ تىلىدا ماقالە ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، تونۇشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت
بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.

پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. «مەن مۇھەممەد سىياھ قەلەم، ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ ئۇستازى» مىنە ھەيدەر ئوغلى، ياپى كرەدى نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى.

2. ئىراندىكى سىياھ قەلەم تەتقىقاتىغا ئائىت مەزمۇنلارنى يېزىشتا تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتـقىقاتى بولغان «ئۇستاد مۇھەممەد سىياھ قەلەم ـ ئەفسانەدىن ۋەقەلەرگىچە» ناملىق ئەسەر.

3. «مۇھەممەد سىياھ قەلەمگە ئائىت مىنىياتۇرالار»، بەيخان قاراماغارالى، كۇلتۇر ۋە تۇرىزىم مىـنىستىرلىقى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1984ـيىلى.

4. «بوزقىر شامىلى سىياھ قەلەم»، مەزھەر شەۋكەت ئىپشىر ئوغلى، ئادا نەشرىياتى. 1985ـيىلى.

5. «بوزقىر شامىلى سىياھ قەلەم»، مەزھەر شەۋكەت ئىپشىر ئوغلى، ياپى كرەدى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى.

6. «تۈرك سەنئىتىنىڭ مەنبەسى (سىياھ قەلەم)»، تۈركىيە. ئادا نەشرىياتى.

7. غازى ئەھمەد: «مۇھەممەد سىياھ قەلەم ۋە ئۇنىڭ سەنئىتى» (ماقالە)، «شىنجاڭ سەنئىتى» 1998 ـ يىللىق 2 ـ سان. 16 ـ بەت.

8. «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي تارىخى» (قەدىمكى زامان قىسمى، 2 ـ قىسىم)، ۋاڭ جىلەي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە.

(ئاپتور شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى گۈزەل ـ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ
2009 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

مەنسۇرجان تۇرسۇن

# ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرىدىكى تاشقى قىياپەت تەسۋىرلىرى

دۇنيادا گۈزەللىكنى سۆيمەيدىغان ھەم گۈزەللىككە ئىنتىلمەيدىغان بىرمۇ ئىنسان بولمىسا كېرەك. گۈزەللىك ھەممە ئادەم ئىنتىلىدىغان، ھەممە ئادەم ھۇزۇر ئالىدىغان بىر خىل مەنىۋى بايلىق. گۈزەللىككە مەھلىيا بولۇش، گۈزەللىك يارىتىش، گۈزەللىكنى نامايان قىلىش ۋە گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىش خاھىشى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىشى. شۇڭا ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر گېيوتى ناھايىتى ئىنچام قىلىپ: «گۈزەللىك ــ ھەممە يەردە ئارزۇلىنىدىغان مېھماندۇر.»① دېسە، فرانس بېكون: «گۈزەل چىراي ئۆزى توغرىسىدا سۆزلەيدۇ.»② دېگەن. دەرۋەقە، ئىنسان گۈزەللىكنى سۆيىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىنسان تەبىئىتى گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىك تەلىپى بويىچە ياشاشتىن ئىبارەت. ئەمما، تارىختىن بۇيان، ھەرقايسى مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىكى ئېستېتىك تەپەككۇرى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرى بولۇش بىلەن بىرگە، ئوخشىمىغان ئامىللارنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن ئۆزىگە خاس گۈزەللىك چۈشەنچىسى، گۈزەللىك تۇيغۇسى ۋە گۈزەللىك ئۆلچىمى بولۇپ كەلگەن.

ئىنسان گۈزەللىكى ئىجتىمائىي گۈزەللىكنىڭ يادروسى، ئادەمنىڭ تاشقى شەكلى ۋە ئىچكى پەزىلىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئىچكى تاشقى باغلىنىشى، كىشىگە گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرىدىغان بىر پۈتۈن ئوبرازى بولۇپ، ئۇ تاشقى گۈزەللىك (جىسمانىي گۈزەللىك) بىلەن ئىچكى گۈزەللىكنى (قەلب گۈزەللىكنى) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسان گۈزەللىكنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ تاشقى قىياپەت، چىراي گۈزەللىكى كىشىگە كۆرۈش سېزىمى ۋە بىۋاسىتە ھېسسىي سېزىم ئارقىلىق تەسىر بېرىدىغان كونكرېت تاشقى شەكلى، كۆرۈنۈشى ۋە تەق - تۇرق ھالىتىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ئىنساننى كامىللىقنىڭ تەڭداشسىز بېزىكىدۇر. بىز نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر جەريانىدا پەيدىنپەي شەكىللەنگەن، مول مەزمۇنلۇق ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيەت چىمەنزارلىقىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، نۇرغۇنلىغان مۇتەپەككۇر، شائىر - ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرىدە ئىشق تېمىسى بىلەن باغلانغان گۈزەل «مەشۇق» نىڭ تاشقى قىياپەت جەھەتتىكى بوي - تۇرقى، يۈزى، چېچى، قاش - كىرپىكى، ئېغىز - لەۋلىرى ھەتتا زىنىغ ھەم خاللىرىغىچە ناھايىتى يارقىن تەسۋىرلەش ئارقىلىق «گۈزەل يار» ئوبرازىنىڭ مەڭگۈلۈك سىماسىنى ياراتقانلىقىنى ئېنىق كۆرىمىز، بولۇپمۇ تۈركىي تىللىق شېئىرىيىتىنىڭ ئاجايىپ جىلۋىدار گۈل تاجى، كامالەتكە يەتكەن پىر ئۇستازى، بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپ شائىر ھەزرەت نەۋايى (1441

ــ 1501) ئۆزىنىڭ كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان، تەسەۋۋۇرغا باي لىرىك غەزەللىرىدە «گۈزەل يار»نى ئىشق يولىدا پەرۋانە، مەردلىكتە يېگانە ئوبراز سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا زور ھۆرمەت ۋە ئىپتىخار بىلەن يېقىنلىشىدۇ. بەدىئىي ئىجادىيەت قانۇنىيىتى بويىچە «گۈزەل يار»نىڭ جەزىبىدار سىماسىنى بەدىئىي يول بىلەن ئەكس ئەتكۈزۈپ ئۆزگىچە ئېستېتىك قاتلام ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر كۆرگەننى لال، ئىككى كۆرگەننى ئاشىق قىلغۇدەك لىرىك ئوبرازىنى شۇ قەدەر جانلىقلىقتا، تېپىكلىكتە ۋە يۈكسەكلىكتە كۆتۈرىدۇكى، «گۈزەل نازىنىن»نىڭ قەددى ــ قامەت ۋە ھۆسن گۈزەللىكىنى گويا ئەپسانە ــ رىۋايەتلىرىدىكى يۈكسەك غايىۋى ئوبراز پەرىشتىلىرىدىن، خىيالىي جەننەتنىڭ ھۆر ــ پەرىلىرىدىن گۈزەل، ھەتتا تەبىئەتنىڭ بارلىق گۈزەللىكلىرىدىن ئارتۇق بىلىپ سۈپەتلەيدۇ. تەپەككۇر كۆزىمىز بىلەن باقساق، شائىرنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى ئاستىدا ئاجايىپ زور ئىشتىياق بىلەن يارىتىلغان «گۈزەل يار»نىڭ شەرق ئېستېتىك گۈزەللىكى ۋە روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان رېئاللىقتىكى ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ يىمىرىلمەس سىماسى ئىكەنلىكى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئالاھىدە تارتىدۇ. بۇ ماقالىدە پەقەت نەۋايى غەزەللىرىدىكى «گۈزەل يار»نىڭ تاشقى ــ قىياپەت تەسۋىرلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

**1. يۈز تەسۋىرى**

يۈز ــ ئادەمنىڭ كۆز، بۇرۇن، ئېغىز قاتارلىق ئەزالىرى ئورۇنلاشقان، باشنىڭ ئالدى تەرەپتىن كۆرۈنىدىغان قىسمى. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك قارىشىدا كىشىنى ئۆزىگە ئەڭ مەپتۇن قىلىدىغان مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرىدۇر، چۈنكى كىشىلەرنىڭ گۈزەللىككە بولغان قىزىقىشى شۇ ئادەمنىڭ يۈز گۈزەللىكىگە بولغان مەپتۇنلۇقى ھەم مەھلىيالىقىدىن باشلىنىدۇ. ئادەمنىڭ يۈز گۈزەللىكى سۈزۈكلۈكى، جۇلالىقلىقى، جەلپ قىلارلىقى بىلەن بىر كۆرۈشتىلا كىشىنىڭ دىققەت ــ ئېتىبارىنى ئۆزىگە تارتىدۇ، شۇڭا، ئۇلۇغ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇنداق يازىدۇ:

«گۈزەل يۈزنى كۆرگەن كىشى خۇشلىنۇر،
كۆڭۈل ئېچىلۇر ھەم جان زوقلىنۇر .
كىشى ئۈچۈن نە ياخشى نەرسە گۈزەل يۈز،
ئىچەر سۇ بۇ يۈز كۆركىدىن ئىككى كۆز.»③

شائىر نەۋايى «گۈزەل يار»نىڭ گۈل بىلەن ھۆسن تالاشقان چىرايلىق يۈزىنى ئاساسلىق ئوبراز ئوبيېكتى قىلىپ:

يۈزۈڭ گۈلگە كۆڭۈل رەۋزەسىن ياسا گۈلشەن
قەددىڭ نىھالىغا جان گۈلشەنىن چەمەن قىلغىل

(يۈزۈڭ گۈلگە كۆڭۈل بېغىنى گۈلشەن قىل، قەددىڭ كۆچىتىگە جان گۈلشىنىنى چىمەنزار قىل.)

دەپ يېزىپ، گۈزەل «نازىنىن»نىڭ گۈلگۈن يۈزىنى دەريا دولقۇنلىرىدەك جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ھاياجانلىق ھېسسىيات، سۆيۈنۇش دۇردانىلىرى چاقناپ تۇرغان نەپىس تەسۋىرلەر ئىچىدە نامايان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، «نازىنىن»نىڭ مەپتۇنكار سېھرىي كۈچى زوقلانغۇچىلار قەلبىدە چوڭقۇر ئېستېتىك تەسىر قوزغايدۇ.

ئەي ئارەزى نەسرىن ساچى سۇنبۇل قەدى شامشاد
بۇلبۇل كەبى ھەجرىڭدە ئىشىم نالەۋۇ فەرياد

(ئەي گۈل يۈزلۈك، سۈمبۈل چاچلىق، تۈز قەدلىك، مېنىڭ ئىشىم دەردىڭدە خۇددى بۇلبۇلدەك نالە قىلىش بولۇپ قالدى)

يۇقىرىقى غەزەللەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شائىر «مەشۇقى»نىڭ يۈزىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى «گۈل»دىن ئىبارەت كونكرېت شەيئىنىڭ قىياپىتىگە يۆتكەپ، ئۇنىڭ كىشى ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلىدىغان، زىبا ھۆسن ـ جامالىنى تاۋلانغان شېئىرىي تىل، مۇكەممەل بەدىئىي دىت ۋە يۇقىرى شېئىرىي ماھارەتتە سۈپەتلەپ، كىشى قەلبىنى ھەقىقەتەن چەكسىز سۆيۈندۈرىدۇ.

گۈلنى سەرۋ ئۈزرە خەيال ئەتتىم كۆكۈل بوستانىدا
راست ئايتاي سەرۋى گۈلرۇيۇم كەبى زىبا ئەمەس

(گۈلنى سەرۋ دەرىخى ئۈستىدە دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىم، ئەمما راستىنى ئېيتايكى، ئۇ كۆڭۈل بوستانىدا مېنىڭ سۈمباتلىق گۈل يۈزلۈكۈمدەك گۈزەل ئەمەس ئىكەن.)

شائىر يەنە بىر غەزىلىدە:

گاھ سەرۋ ئۈزرە گەھى گۈل ئۈزرە بۇلبۇل نەغمە ساز
ۋەھكى مەن گۈڭۈ لال ئول سەرۋ گۈل رۇخسارسىز

(بۇلبۇل گاھ سەرۋى گاھ گۈل شېخىدا غەزەلخانلىق قىلىدۇ، بىراق مەن سەرۋى بوي، گۈل يۈزلۈك ياردىن ئايرىلىپ، ئاغزىم گەپكە كەلمەي ھاڭۋېقىپ قالدىم.)

دېمەك، شائىر نەۋايى ئۇچقۇر تەسەۋۋۇر ۋە تاۋلانغان تەپەككۇر بىلەن ئۆز سۆيگۈسىگە ئاشىق، قەلبى پاك «جانان»نىڭ يۈزىنى چىمەنلەردىكى گۈللەردىنمۇ گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ ۋىسال ئىشقىدا پۇچىلىنىپ، ئازابقا قالغان لىرىك قەھرىمان «مەن»نىڭ پىداكارانە ئوبرازىنى قايتا يارىتىدۇ.

2) چاچ تەسۋىرى

چاچ ئادەمنىڭ باش قىسمىدا ئۆسىدىغان، ئىنساننىڭ تاشقى گۈزەللىكىنى، لاتاپىتىنى، نازاكىتىنى نامايان قىلىدىغان گۈزەللىك جۇلاسى. شۇڭا، ئوخشىمىغان ئىرق ۋە مىللەتلەرنىڭ چاچقا قويغان كونكرېت گۈزەللىك ئۆلچەملىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. تەبىئىيكى، ئۇيغۇرلاردا چاچ گۈزەللىكىگە بولغان تەلەپ ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ئېستېتىك ئېڭىدىكى چاچ گۈزەللىك قارىشىدا ئۇزۇن ھەم پارقىراق، يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان قارا چاچ قىز ـ ئاياللارنىڭ تاشقى قىياپەت گۈزەللىك ئۆلچىمىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. شائىر نەۋايىنىڭ غەزەللىرىدىكى يارنىڭ چېچىغا ئائىت تەسۋىرلەردىن بۇنى كۆرەلەيمىز.

چۇن مەسەل بولدى ساچىڭ زۇلم ئىچرە ياشۇرماق نى سەۋدا
مۇشك ئىسىن ياشۇرسا بولماس بۇ مەسەل مەشھۇر ئېرۇر

(زۇلۇم ئىچىگە يوشۇرۇنغان چېچىڭدىن ماڭا بولغان سەۋدالار «ئىپار ھىدىنى يوشۇرغىلى بولماس» دېگەن مەسەلگە ئوخشايدۇ، بۇ مەسەل مەشھۇردۇر.)

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، شائىر بۇ غەزەلدە «مەشۇق»نىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەش يولى بىلەن نەۋقىران يىگىتلەرنى ئىشق ـ پىراقىغا مۇپتىلا قىلغان ئاي يۈزلۈك «مەشۇق»نىڭ ئاجايىپ سېھرىي

كامالەتكە توپۇنغان، ھەر تارى جان رىشتىسىگە ئۇلانغان، ئەنبەردەك خۇشبۇي، قاپقارا سۇمبۇل چېچىنى قايىل-لىق ئىچىدە تىلغا ئېلىپ، مۇھەببەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى بىزگە تېخىمۇ كونكرېت نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

دىبايى يوق مۇشەۋۋەش بولماغان گوياكى پۇترانمىش
جەھان باغىدا سەۋدا سۇنبۇلى زۇلفى پەرىشانىڭ

(كىيىمىنىڭ يوقلۇقىدىن پەرىشان بولمىغانلار جاھان بېغىدىكى سۇمبۇلدەك چېچىڭدىن پەرىشان بو-لۇپ، گويا پاراكەندە بولۇپ كېتىپتۇ.)

نەۋايى «سۆيۇملۇك نىگار»نىڭ دەريا سۈيىدەك دولقۇنلۇق، مەجنۇنتالدەك تال - تال، قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرىغا مەجنۇنلارچە ئاشىق بولغان، ئىشقى پىراقىدا يۈرەك باغرى دەردلەنگەن، شۇ سەۋەبتىن شائىر «مەشۇق»نىڭ بالقىپ تۇرغان تەبىئىي گۈزەللىكىنى تۇتقا قىلىپ، ئۇنىڭ چېچىنى ئىنتايىن ئۆزگىچە قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ، بۇنداق گۈزەل تەسۋىرلەرنى شائىرنىڭ نۇرغۇن غەزەللىرىدىن ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

زارمەن زۇلفۇ يۈزى فۇرقەتىدىن شامۇ سەباھ
ساقىيا بادە كەتۇر قايدا مەنۇ قايدا سەلاھ

(مەن زار بولغان چاچ ۋە يۈزۈڭنى شام ھەم سەھەرلەردە مەندىن جۇدا قىلدىڭ، ئەي ساقىي، مەي كەل-تۈر، مەن قەيەردە - يۇ، ئۇنىڭ چاقىرغىنى قەيەردە؟)

شائىر يۇقىرىقى غەزەلدە «مەھبۇبە»نىڭ قارا ۋە ئۇزۇن چاچلىرىنى ئوتتەك قىزغىن مۇھەببەت ئى-چىدە كۈيلەيدۇ، شۇنداقلا «گۈزەل يار»نىڭ كامالەتكە يەتكەن نۇرانە سىيماسىنى ئۆزگىچە شېئىرىي پاسا-ھەت ۋە بالاغەتتە تولىمۇ يارقىن ئەكس ئەتكۈزۈپ كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، بۇنداق گۈزەل ۋە يېقىملىق مىسرالارنى قايتا - قايتا ئوقۇغان كىتابخان «لېۋەن يار»نىڭ لاتا-پەتلىك ئوبرازىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ زوقلىنىدۇ.

3) بوي تەسۋىرى

ئۇيغۇر خەلقى ئادەتتە ئوغۇللارنىڭ ئېگىز ھەم قامەتلىك بولۇشىنى، قىزلارنىڭ ئوتتۇرا بوي ۋە ئىنـ-چىكە، نازۇك بولۇشىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىدۇ. بۇ ھەقتە 11 - ئەسىردە ياشىغان مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا:

2086 بويى بەك ئۇزۇننى خوپ كۆرمەس بىلىم،
تولا قىسقا بولسا بولماس خۇش پىچىم.

2087 مۇشۇنداق ئىكەن ئوتتۇرا بويلۇق كېرەك،
بويى ئوتتۇرا بولسا بولۇر تۈزۈكرەك.

2015 بېلى نازۇك بولسۇن ھەم كەڭ يەلكىلىك،
تېنى ئاق ئۆزى ھەم قىزىل مەڭزىلىك.

2854 يۈزى ھۆسنى كۆركەم بولسۇن خۇلقى ئۆز،

ساقال چاچى رەتلىك، تىلى كۆڭلى تۈز.[4]

دەپ يېزىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى گۈزەللىك ئۆلچەملىرىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. نەۋايى ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن غەزەللىرىدە بۇنى تەستىقلاپ، يار جامالى مەستخۇشلۇقىدىن ئاشىق بولغان سۆيۈملۈك «نىگار»نىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىنى، كىشى ئەقلىنى لال قىلىدىغان تەڭداشسىز گۈزەل ھۆسن ـ جامالىنى كامالەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ئىچىدە مەدھىيىلەيدۇ.

رۇخسار ئاچىب ئول سىمبەر قامەتنى ئەيلەپ جىلۋەگەر
ئۆزدىيۇ كەتتى سەربەسەر گۈل رەغبەتىن سەرۋ ئۆلپەتىن

(ئۇ كۆمۈش بەدەن قەددى ـ قامىتىنى ئويغىتىپ، يۈزىنى ئاچقانىدى، سەرۋىگە ئۆلپەت بولىدىغان گۈلگە قىزىقىدىغانلار زادى قالمىدى.)

شائىر ئۆزىنىڭ كۆڭلى چۈشكەن «گۈزەل جانان»نىڭ بويىنى سەرۋ دەرىخىدەك تۈز ۋە ئىنچىكە تەسۋىرلەشتە ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، جانلاندۇرۇش، مېتافورا، مېتانومىيە قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ ھەمدە مۇشۇ ۋاستىلەر «يار» رۇخسارىنى ئاجايىپ قىزغىن ئىشتىياق ۋە زور شېئىرىي ماھارەتتە سىزىپ كۆرسىتىدۇ:

گۈل فەرىشان بولدىيۇ سەرۋى سىھى تاپتى شىكەست
باغ ئارا گۈلگەشت ئول سەرۋ گۈلئەندام ئەيلەگەچ

(ئۇ سەرۋ بويلۇق، گۈل يۈزلۈك گۈزەل باغ ئارىلاپ تاماشاغا چىقسا، گۈل پەرىشان بولۇپ، سەرۋ غولى ئەيپناك بولۇپ قالىدۇ.)

دېمەك، شائىر ئىنساننىڭ كامالەتكە يەتكەن تەبىئىي گۈزەللىكىنى يار ئوبرازىدا ئەكس ئەتكۈزگەندە، ئۆزى چىن مېھرى بىلەن سۆيگەن، كۈچلۈك تەلپۈنگەن گۈزەلنىڭ يۈزىنى گۈلگە تەققاسلاپ، تال چىۋىقتەك زىلۋا ۋە ئەۋرىشىم بوي ـ تۇرقىنى سەرۋ دەرىخىدىنمۇ ئارتۇق بىلىپ، ئۇنى تەڭدىشى يوق گۈزەللىك ئىگىسى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.

«سەرۋىدىن جىلۋە ئارتۇقسەنۇ گۈلدىن تازا،
تازە گۈل دەيمۇ سېنى سەرۋ راۋان دەيمۇ سېنى.»

(سەن جىلۋىدە سەرۋىدىن ئارتۇق، گۈلدىن چىرايلىق، شۇڭا سېنى چىرايلىق گۈل، قەددى تۈز سەرۋى دېسەم قانداق بولار؟)

يەنە بىر غەزەلدە:

رەشكىدىن جانىمغا ھەر نەرگىس كۆزى بىر شۇئلەدۇر
باغ ئارا ناگاھ خىرام ئول سەرۋ رەئنا ئەيلەسە

(ئۇ سەرۋى بويلۇق گۈزەل باغنى ئايلانسا، كۈندەشلىكتىن ماڭا ھەربىر نەرگىس گۈلىنىڭ كۆزى ئوت بولۇپ كۆرۈنىدۇ).

دەرۋەقە، شائىر قەلبىنى چىرماپ، ئۇنىڭغا ئارام بەرمىگەن، ئىشق ئەھلىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك «مە-شۇق»نى شۇ قەدەر ئۇلۇغلايدۇكى، «گۈزەل مەشۇق»نىڭ بويىنى تۈز ۋە ئېگىز ئۆسىدىغان سەرۋ دەرىخىگە ئوخشىتىپ، ئۇنىڭ كىشى قەلبىنى ئۆزاقىچە لەرزىگە سالىدىغان ئاجايىپ گۈزەل، قاملاشقان بويىنى كۆز ئالدىمىزدا تېخىمۇ ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

4) ئېغىز تەسۋىرى

ئېغىز — تىلىمىزدا «ئاغىز» دېمەكتۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئېغىزنىڭ يۇمىلاق پاكى سوزۇنچاق، چوڭ ياكى كىچىك، لەۋلىرىنىڭ نېپىز ياكى قېلىن بولۇشى چىراي گۈزەللىكىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم تەركىبلەرنىڭ بىرى. شۇڭلاشقا، نەۋايى ئۆز غەزەللىرىدە گۈزەل «نازىنىن»غا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى قۇياشنىڭ نۇر زەررىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇنداق سۆپەتلەيدۇ:

يوق ئاغزىدىن نوكتە ئايتۇر مەھۋەشىمدەك بولماغاي
گەر قۇياش ھەر زەررەسىدىن بىر مەسىھا ئەيلەسە

(مېنىڭ گۈزەل يارىمنىڭكىدەك چىرايلىق سۆز قىلىدىغان ئېغىز يوق، گەرچە قۇياش ھەر زەررىسى-دىن ھايات بەخش ئەتسىمۇ ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ).

شائىر يەنە بىر غەزىلىدە :

ئاغزىڭا تەگمەس ئۇزارىڭ بىرلە سۆز
بولمادى خۇرشىد بىرلە زەررە تەڭ

(ئاغزىڭ جامالىڭ بىلەن سۆز تالاشمايدۇ، چۈنكى زەررە قۇياش بىلەن تەڭ ئەمەس - تە).

قارالڭ! مۇنۇ يېقىشلىق مىسرالاردا شائىر «يار»نىڭ چىرايلىق ئېغىزىنىڭ ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارى بىلەن سۆز تالىشالمايدىغانلىقىنى، زەررىنىڭ قۇياش بىلەن ھۆسن تالىشالمايدىغان ھالىتىگە سېلىشتۇ-رۇپ، «يار»نىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكىنى چەكلىك دائىرىدىن ھالقىتىپ چەكسىزلىككە ئىگە قىلىدۇ-دە، شۇ ئارقىلىق كىتابخانلار تەسەۋۋۇرىغا بوشلۇق قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تولۇقلاپ زوقلىنىشى ئۈچۈن كەڭ ئېستېتىك ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىدۇ.

دېسەڭ ئاغزىن كۆرەي ئەي ئەقل مەركەز نۇقتەسىن ئىستە
ۋەلې شەرت ئۇشبۇكىم ئەۋۋەل قۇياش دەۋرىنى پەرگار ئەت

(ئەي ئەقىل، ئاغزىنى كۆرەي دېسەڭ، مەركەز نۇقتىسىنى تاپ، بىراق، شەرت شۇكى، ئالدى بىلەن قۇ-ياش دائىرىسىنى سىركۇل قىلغىن).

شائىر يەنە بىر غەزىلىدە «گۈزەل يار»نىڭ ئېغىزىنى مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

غۇنچە ئاغزى ئار ۋەھم ئەتسە ئول ئايىنى ئاغزىن
تاپقۇسى دائىرەئى نۇقتەئى مەۋھۇم كۆڭۈل

(غۇنچە ئاغزى ئۇ ئاينىڭ ئاغزى خىيالىدا پەرەز قىلسا، خىيالىغا يۇمىلاق بىر دائىرە كېلىدۇ).

شائىر يۇقىرىقى غەزەلدە «گۈزەل يار»نىڭ ئويماقتەك چىرايلىق ئېغىزىنى كونكرېت تەسۋىرىي ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىدە ئوبرازلاشتۇرۇپ، قىسقا، ئىخچام، يارقىن تىللار بىلەن تەلقىن قىلىدۇ. يەنە شۇ نىڭدەك ئۆز قەلبىدە مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان لىرىك ھېسسىي تۇيغۇنى، ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان ئوتلۇق ئىنسانىي سۆيگۈ ــ مۇھەببىتىنى ئاجايىپ چوڭقۇر مەزمۇن تېرەنلىكىگە ئىگە قىلىدۇ.

**5) قاش تەسۋىرى**

ئوخشىمىغان ئىرق ۋە مىللەتلەردە قاشنىڭ شەكلى ۋە رەڭگى بىر ئاز پەرقلىنىدۇ. قاشلارنىڭ شەكلى ۋە رەڭگىدىن قارىغاندا ئىنچىكە، يايسىمان، قارا بولۇش كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك قارىشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شائىر نەۋايى ئاي يۈزلۈك «جانان»نىڭ ھىلال ئايدەك ئەگىم قېشىنى مېھرابقا تەڭ قىلىپ، ئاجايىپ ماھىرانە تەسۋىرلەيدۇ.

سالما ئول كوي ئىچرە قاشىڭغا گىرىھكىم شۇبھەدۇر
تائەت ئەيلەر يەرگە تۈشسە ئەگرى مىھرابى ئانىڭ

(بۇ كوچىدا قېشىڭنى پۈرۈشتۈرمە، ئىبادەت قىلىدىغان يەرنىڭ مېھرابى قىڭغىر بولۇپ قالسا، نامازغا شەك چۈشۈپ قالىدۇ).

شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، شائىر تەبىئىي ۋە يەڭگىل تىل، ئوبرازلىق ۋە گۈزەل تەسۋىرىي ۋاستىلەردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، يارنىڭ ئەگمە قېشىنى مېھرابقا ئوخشىتىدۇ، شۇنداق قىلىپ خاسلىقتا ئىگە بولغان بەدىئىي يول بىلەن رېئاللىقتىكى ئىنسان گۈزەللىكىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى غەزەلگە كۆز يۈگۈرتەيلى:

ھەر ئوقى ئول قاشى يانىڭ جاننى كەم قىلۇر
راست بىر ئوقدۇركى قۇربان كۆڭلۈم ئىچرە سانچىلۇر

(ئۇ قېشى يانىڭ ھەر ئوقى جاننى قۇربان قىلىدۇ، ئۇ دەل تېگىدىغان ئوق ئىكەن، مېنىڭ قۇربان كۆڭلۈمگە سانجىلدى).

بۇ مىسرالارغا شائىرنىڭ قىزغىن ھېسسىياتى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، شائىر ئۆز مەشۇقىغا بولغان مەجنۇنلارچە ئاشىقلىقىنى ھەم ئىشق ــ مۇھەببەتكە ئەسىر بولغان «گۈزەل يار»نىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇنىڭ قاپقارا قېشىنى سەممىي ۋە قايناق، ساپ ھېسسىيات دۇردانىلىرى ئىچىدە تەرىپلەپ، روھىيىتىمىزنى غىدىقلاپ، تەسەۋۋۇرىمىزنى چەكسىز بوشلۇقتا ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرىدۇ.

نى خەم قاشلاردۇر كىم ھەسرەتى قەددىمنى يا قىلمىش
نى كىرپىكلەر ئوقىكىم روزگارىمنى قارا قىلمىش

(بۇ قانداق قاشلاردۇر، ھەسرىتى قەددىمنى ياردەك ئېگىۋەتتى. بۇ قانداق كىرپىك ئوقلىرىدۇ، مېنى قارا كۈنلەرگە سېلىپ قويدى).

شائىر يەنە بىر غەزىلىدە مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

قاراقلاردىن پولاك جان رىشتەسىدىن ھۆللەۋار ئەتكىل

قاشىڭ ياسىن نەۋايى قەسدىغە گەر ئىستەسەڭ قارماق

(قېشىڭنىڭ ياسىنى نەۋايىغا توغرىلىماقچى بولساڭ، يانىڭ بەتلىگۈچىنى كۆز قارىچۇقۇمدىن، كىرىچىنى جان رىشتىمدىن ياسا).

دېمەك، يۇقىرىقى غەزەلدىن مەلۇمكى، شائىر نەۋايى «گۈزەل يار»نى بەدىئىيلىك بىلەن شۇنداق تەسۋىرلەيدۇكى، چىن مۇھەببەتكە سادىق، ئاي يۈزلۈك «نىگار»نىڭ سېھرىي مەپتۇنكارلىقىغا تولغان قاپقارا قېشىنى، ناز ـ كەرەشمىلىك مىجەز ـ خۇلقىنى خۇددى ماھىر رەسساملاردەك سىزىپ كۆرسىتىپ ، كىشىگە غايەت زور ئېستېتىك زوق، ئىلھام ۋە مەنىۋى لەززەت بېغىشلايدۇ.

6) كۆز تەسۋىرى

ئادەمنىڭ كۆزى بەش ئەزالار ئىچىدە ئادەمنىڭ قەلب تۇيغۇلىرىنى ئەڭ تېز ۋە ئاشكارا ئىپادىلەيدىغان ئەزادۇر. خۇددى خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە: «ھەسرەت سۆزدىن، سۆيگۈ كۆزدىن بىلىنەر» دەپ قەيت قىلىنغىنىدەك ئادەمنىڭ قەلب تۇيغۇلىرىنى كۆزنىڭ سېھرىي كۈچى ئارقىلىق ئىزھار قىلغىلى بولىدۇ. كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ نەزەرىدە ئىنسانىنىڭ بەدەن گۈزەللىكى يۈزدە، يۈزنىڭ گۈزەللىكى كۆزدە نامايان بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا: «كىشى كۆركى يۈز، ئول يۈز كۆركى كۆز، ئەقىل كۆركى تىل، ئول تىل كۆركى سۆز.» (274 ـ بېيىت) دېگەن مىسرالارنى قوللىغا پۈتىدۇ. شائىر نەۋايى ئۆز غەزەللىرىدە: «نەرگىس گۈلىنىڭ كۆزى كۈنداشلىقتىن يېنىۋاتقانىدەك قىلىدۇ» دەپ «نازىنىن»نىڭ شوخ، ئويناق كۆزلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

رەشكىدىن جانىمغە ھەر نەرگىس كۆزى بىر شۇئلەدۇر
باغ ئارا ناگاھ خىرام ئول سەرۋى رەئنا ئەيلەسە

(ئۇ سەرۋ قانچىلىك گۈزەل باغ ئىچىدە يۈرسە، ماڭا ھەربىر نەرگىس گۈلىنىڭ كۆزى كۈنداشلىقتىن يېنىۋاتقانىدەك كۆرۈنىدۇ).

يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان غەزەلدە شائىر ۋۇجۇدى ئىشق بىلەن تولغان، ئوت يالقۇنىغا ئوخشاش ھارارەتلىك سۆيگۈ ئوتىنى ياققۇچى «گۈزەل يار»نىڭ «گۈزەل»لىكىگە مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭ سېھىرلىك شەھلا كۆزلىرىنى نازۇك، ھېس ـ ھاياجانغا تويۇنغان شېئىرىي كەيپىيات ئىچىدە ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ، يەنە شۇنىڭدەك غايىۋى يارنىڭ ۋەسلى دىدارىغا يېتىش ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى تولىمۇ تەسىرلىك ئىپادىلەيدۇ:

كۆزۈڭ نەرگىس ئۇزارىڭ گۇل قەدىڭ سەرۋ ساچىڭ سۇنبۇل
بۇزۇغ كۆڭلۇم خەيالىدىن بولارىڭ تۇرفە باغ ئولمىش

(كۆزۈڭ نەرگىس، جامالىڭ گۈل، بويۇڭ سەرۋ، چېچىڭ سۇنبۇل، بۇ نەرسىلەرنىڭ خىيالى بىلەن ۋەيرانە كۆڭلۇم گۈزەل باغقا ئايلاندى).

شائىر يەنە بىر غەزەلدە يارنىڭ ئاھۇ كۆزىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

زۇلفۇڭ ئاللىدا فۇسۇنگەر كۆزلەرىڭ ھەر گوشەدىن
گويى ئول مۇشكىن يىلان قەيدىغە ئەيلەرلەر فۇسۇن

(ئۆرۈم چېچىڭ ئالدىدىكى كۆزۈڭ، گويا يىلانغا سېھىر باغلايدىغان قارا سېھىرگەرنى ئەسلىتىدۇ).

شائىر يۇقىرىقى غەزەلدە ئىشق سەۋداسىغا سەۋەب بولغان «گۈزەل يار»نىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغان قاپقارا ھەم نۇرلۇق كۆزىنى شېئىرىي مۇھىت ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ نازاكەتلىك ئوبرازىنى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۆز لىرىكىلىرىنىڭ بەدىئىيلىكىنى ۋە ئېستېتىك قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، كىتابخانلار قەلبىدە چوڭقۇر تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. ئۇنداقتا بىز نەۋايىنىڭ مۇنۇ غەزىلىگە نەزەرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى:

كۆز ياشىم بولدى رەۋان بىر نەرگىسى جادۇ كۆرۈپ
تۇفەيل ياغلىغىم يۈگۈرگەي ھەر تەرەپ ئاھۇ كۆرۈپ

(بىر جادۇ كۆزلۈكنى كۆرۈپ كۆز يېشىم شۇنداق ئاقتىكى، خۇددى كىچىك بالا كېيىكنى كۆرۈپ ھەر ياققا يۈگۈرگەندەك).

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، شائىر بۇ غەزەلدە گۈزەل قىزنىڭ جادۇ كۆزىنى كېيىكنىڭ كۆزىگە، لىرىك قەھرىمانىنىڭ قىزنىڭ كۆزىگە قاراپ ھودۇققان، ئاشىق ـ بىقارارلىقتىن كۆز ياش تۆككەن ھالىتى كىچىك بالىنىڭ كېيىككە ھەم ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ھودۇققىنىدىن يىغلاپ، ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرگەن ھالىتىگە ئوخشىتىپ، يېقىملىق ھەم ئۆزگىچە تەسىرگە ئىگە شېئىرىي كەيپىيات ھاسىل قىلىدۇ.

7) لەۋ تەسۋىرى

لەۋ كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ گۈزەل «يار»نى سۈپەتلەش ۋاستىلىرىدىن بىرى. ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرىدە لەۋ تەسۋىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

لەبلەرىڭ ھەجرىدە گىريان كۆزلەرىمنىڭ قانلارى
قەترەئى گەر تامسا بىر دەرياني ئەيلەر لەئلگۈن

(لەۋلىرىڭنىڭ پىراقىدا كۆزۈمدىن ئاققان قانلارنىڭ بىرەر تامچىسى تېمىپ كەتسە، بىر دەريانى ياقۇت رەڭگىگە بويايدۇ).

شائىر يەنە بىر غەزىلىدە يارنىڭ لېۋىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

تا كۆڭۈل دىۋانە بولدى ئول پەرى لەئلىن كۆرۈپ
ھىغز ئۇچۇن قەيدىغە قىلدىم رىشتەئى جاندىن تەناب

(ئۇ پەرىنىڭ ياقۇتتەك لېۋىنى كۆرۈش بىلەنلا كۆڭلۈم ساراڭ بولدى، ئۇنى باغلاش ئۇچۇن جان رىشتىسىنى ئارغامچا قىلدىم).

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، يۇقىرىقى غەزەلدە شائىر لاتاپەتلىك «گۈزەل يار»نىڭ ئوماق لەۋلىرىنى بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە ئوبرازلىق شېئىرىي تەپەككۇرغا تايىنىپ جانلىقلىقتا، يارقىنلىقتا ۋە ھەقىقىي گۈزەللىككە ئىگە قىلىش ئارقىلىق شېئىرىي پىكىر چوڭقۇرلۇقىدا لىرىك قەھرىمانىنىڭ مۇھەببەت يالقۇنىدا پىنھان كۆيۈۋاتقان قەلب سىماسىنى ئاستا ـ ئاستا جۇلالاندۇرىدۇ.

يۈزۈڭدە خوش كۆرۈنۇر جامى لەئلىڭ ئول ياغلىغ

كى تازە گۈلشەن ئارا لەئل رەنگى ساغەر خۇش

(يۈزۈڭگە ياراشقان قىزىل لېۋىڭ ، گويا ساغەر خۇش، ئارىسىدا تۇرغان ياقۇت رەڭ قەدەھدەك چىراي-لىق كۆرۈنىدۇ).
شائىر يەنە بىر غەزىلىدە:

بادەئى مىزاجى روھپەرۋەردۇر بەسىي،
گويىيا مەھزۇج ئېتسەن ئابىھەيۋاندىن ئاڭا

(لېۋىڭ شارابىنىڭ تەپتى تازا جان بېغىشلايدۇ. گويا ئۇنىڭغا سەن ئابىھايات سۈيىنى ئارىلاشتۇرغاندەك).
دەپ يېزىپ، پاك ئىنسانىي سۆيگۈنىڭ پەيداكارى بولغان «گۈزەل رەنا»نىڭ ئىشق غۇۋغاسىغا سەۋەب بولغان قىپقىزىل لەۋلىرىنى تىپىك ۋە كونكرېت سۈرەتلەپ بېرىدۇ.
دەرۋەقە، بىز شائىرنىڭ پىشقان، ماھارەتلىك قەلىمى ئاستىدا يارىتىلغان «گۈزەل رەنا»نىڭ كىشى ئەق-لىنى لال قىلىدىغان نازۇك لەۋلىرىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرغاندەك ھېسسىياتقا چۆمۈلىمىز.

8) مەڭ تەسۋىرى
شۇنىسى ئايانكى، قەلبىگە مۇقەددەس ئىشق ئوتى تۇتاشقان ئاشىقنىڭ قەلبىدە مەشۇق سۆيگۈسىدىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. ئۇنىڭ تىلى مەشۇقىدىن ئۆزگىنىڭ گېپىنى، ئۇنىڭ دىلى مەشۇقتىن ئۆزگىنىڭ خىيالىنى قىلمايدۇ. پاك مۇھەببەتنىڭ ھىجران ئوتىدا ئىزتىراپ چېكىۋاتقان، «گۈزەل يار»نىڭ ئىشق پىراقىدا يۈرەك باغرى كاۋاپ بولغان ئاشىق ئۆزى چىن دىلىدىن سۆيگەن «مەشۇق»نىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن مۇھەببەت دېڭىزىنىڭ دەھشەتلىك قايناملىرىدا ئۈزۈشكە كىرىشىدۇ. يار ئىشقىدا مەستانە بولغان ئاشىق شائىر مۇنۇ مىسرالاردا «مەھبۇبە»سىنىڭ يۈزىدىكى ياراشقان قارا خالىنى مۇنداق سۈپەتلەيدۇ:

يۈزدە خالىڭدۇر يا تەھرىر ئېتەر ھالەتدە خەت
تامدى قۇدرەت كېلكىدىن كۆن سەفھەسىغە بىر نوقەت

(يۈزۈڭدىكى خالمۇ ياكى يېزىلىۋاتقاندا خۇدانىڭ قەلىمىدىن كۈن سەھىپىسگە تېمىپ كەتكەن چېكىتمۇ؟)
تۆۋەندە بىز شائىرنىڭ مۇنۇ غەزەلگە نەزەرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى:

نوقتەئى خالىڭ نىدىن شىرىن لەبىڭ ئۈستىدەدۇر
نوقتە چۈن ئاستىن بولۇر ھەرقايدا كىم يازىلسا لەب

(چېكىت خالىڭ نېمىشقا شېرىن لېۋىڭنىڭ ئۈستىدە؟ قاچان بولسۇن «لەب» دېگەن خەت يېزىلسا چېكىت ئاستىدا بولاتتىغۇ).
ناھايىتى روشەنكى، بۇ مىسرالاردا شائىر ئۆزى ئاشىق - بىقارار بولغان «گۈزەل يار»نىڭ سېھرىي كۆچكە تولغان قاپقارا مېڭىنى چەكسىز ئىپتىخارلىق ۋە چوڭقۇر سۆيۈنچ ئىلكىدە سىزىپ بېرىدۇ. شۇڭا، بۇ غەزەلنى ئوقۇغان كىشىنىڭ قەلبى ئارامبەخش تۇيغۇنىڭ تەسىرىدە يېنىك تەۋرىيدۇ.

لەبىڭدە نىلگۇن خالىڭدۇر ئەي جانان

ئىنچىكىكىم شەربەت ئىچرە تۇخمى رەيھان

(ئەي سۆيۈملۈكۈم، لېۋىڭ يېنىدا بىر قارا خال تۇرۇپتۇ، ئۇ خۇددى شەربەت ئىچىدە تۇرغان رەيھان ئۇرۇقىدەك كۆرۈنىدۇ.)

ئومۇمەن، شائىر «گۈزەل يار»نىڭ كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان، ئىپار ئەڭلىك خالىنى شەربەت ئىچىدە تۇرغان رەيھاننىڭ ئۇرۇقىغا ئوخشىتىپ، ئىشق سەۋداسىغا مۇپتىلا بولغان يۈرەكنىڭ ھېسسىيات ئۇنچىلىرىنى نۇرلاندۇرىدۇ. شۇڭا، شائىر قەلبىنىڭ پىنھان قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ خىل يالقۇنلۇق شېئىرىي ھېسسىيات، كىشىگە تەبىئىي ھالدا گۈزەللىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ.

9) كىرپىك

كىرپىك ئادەمنىڭ چىراي گۈزەللىكىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان تاشقى ئەزالارنىڭ بىرىدۇر. شۇڭا ، شائىر نەۋايى يارنىڭ كىرپىكلىرىنى تەسۋىرلەشكە يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارايدۇ، مەنىۋى پاساھەت بىلەن يازغان كۆپلىگەن لىرىكىلىرىدا ئىنسان گۈزەللىكىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، «گۈل يۈزلۈك پەرى»نىڭ جانىنى ئېلىپ ياندا قويىدىغان كىرپىكلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەپ، كىشىنىڭ بەدىئىي زوقىنى قوزغايدىغان ئېستېتىك شېئىرىي گۈزەللىك ۋە تاكامۇللاشقان ئېستېتىك قىممەت يارىتىدۇ. ئېستېتىك غايىسىنىڭ ئارامبەخشلىك قىرغاقلىرىغا پەيدىنپەي يېقىنلاپ بارىدۇ. مىسال ئۈچۈن نەۋايىنىڭ مۇنۇ غەزەلنى كۆرۈپ باقايلى:

ياغدۇرۇپ ناۋەك بۇزۇغ كۆڭلۈم ئىمارەت ئەيلەدىڭ
گويىيا ھەلفۇش ئېتىپ قويدۇڭ ئاڭا ھەريان سۇتۇن

(كىرپىك ئوقۇڭنى ياغدۇرۇپ، بۇزۇلغان كۆڭلۈمنى خۇددى ھەل بەرگەن تۇۋرۇكلەرنى قويۇپ، يېڭى ئىمارەتكە ئايلاندۇردۇڭ).

مانا بۇ پاساھەتلىك مىسرالار كامالەتكە يەتكەن ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ، ئىنساني سۆيگۈنىڭ ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ يېقىملىق مەدھىيەسى، شائىر تەڭداشسىز گۈزەللىكنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن «ئىدىئال يار»نىڭ كىرپىكلىرىنى مەجازىي ۋاسىتىلەر بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ، ئىشق - مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بىز شائىرنىڭ غەزەللىرىدىكى مەنىۋى دۇنياغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىدىغان بولساق يەنە چىن مۇھەببەتكە ئوقۇلغان مۇڭلۇق مەدھىيەلەرنى، ئاڭلايمىز، ئۆز نۆۋىتىدە ئىشق سەۋداسىغا مۇپتىلا بولغان لىرىك قەھرىماننىڭ مەپتۇنلۇقنى يوشۇرۇن رەۋىشتە ئىزھار قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

ئەگەر مىژگانىڭ قاشىڭ ھەيرەتى ئەردى ئەمەس گەردۇن
نې ئەردى ئەيلەمەك ئاھىم ئوقى قەددىمنى يا قىلماق

(ئەگەر كىرپىكىڭ بىلەن قېشىڭ پەلەكنى ھەيرەتتە قالدۇرمىغان بولسا، ئاھىمنى ئوق، قەددىمنى يا قىلىپ نېمە قىلاتتىم؟)

شائىر يەنە بىر غەزەلدە يارنىڭ كىرپىكلىرى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

كۆڭۈل سەيدى كۆزۈڭدىن ھېچ قۇتۇلماس

نى مۇندا تۈزدىلەر ئول خەيلى مىژگان

(كۆڭۈل ئۇۋى كۆزۈڭدىن ھېچ قۇتۇلالمايدۇ، چۈنكى بۇ تەرەپتە كىرپىكلىرىڭ بەتلەنگەن تۇرسا.)

دەرھەقىقەت ، شائىر كۆزنى قاماشتۇرىدىغان سەرۋى - قامەتلىك، پەرىشتە سۈپەت «گۈزەل يار»نىڭ كىرپىكلىرىنى ئوقتا ئوخشىتىش ئارقىلىق يارنى تېخىمۇ تەڭداشسىز گۈزەللىك سۈپىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭدەك كۈچلۈك سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە نۇرانە ئوبراز «يار»نى ۋاسىتە قىلىش ئارقىلىق پاك مۇھەببەت رىشتىسىگە چۆمۈلگەن ئىنسان ۋە ئىنسان گۈزەللىكىنى، يار ۋىسالىغا بولغان زارىقىش، سېغىنىش - ئىنتىزارلىقنى، ئىنساني گۈزەللىككە مەھلىيا بولۇش غايىسىنى تەسىرلىك ئىپادىلەيدۇ.

قىسقىچە خۇلاسىلىگەندە، نەۋايى يۈكسەك بەدىئىي كامالەتكە تويۇنغان لىرىك غەزەللىرىدە بۈيۈك ئىنساني تۇيغۇ بولغان چىن سۆيگۈ - مۇھەببەتنى ئوتتەك قىزغىن ھاياجان بىلەن كۈيلەيدۇ، چىن مۇھەببەتنى سۆيىدىغان، ۋاپادار، ساداقەتمەن «ئىدېئال يار» (غايىۋى يار)نى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈپ، ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيىدۇ. قەلبىدە گويا ئوت بولۇپ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئىشق - مۇھەببەتنى رېئاللىقتىكى ئىنساننىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى بىلەن قاناتلاندۇرۇپ، ئۆز غايىسىدىكى «ئىدېئال يار»نىڭ گۈزەللىكىنى، سۆيگۈ بېغىنىڭ جىلۋىلىك سېھرىي مەپتۇنكارلىقىنى زوق - شوخ بىلەن كۈيلەيدۇ. ئۆزىگە خاس ئىنددىۋىدۇئاللىقا ئىگە، تېپىكلەشكەن ئۆلمەس بەدىئىي ئوبراز «گۈزەل يار»نىڭ تاشقى كۆرۈنۈش گۈزەللىكىنى مۇڭلانغان قەلبىنىڭ ئىچكى ھېسسىيات گۈزەللىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىخچام ۋە يىغىنچاق تەسۋىرلەشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، نەۋايى غەزەللىرىدىكى كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان «گۈزەل يار»نىڭ جىلۋىدار ئوبرازى كىتابخانلارنى زوقلاندۇرۇش تەلىپىگە يېتىپ، يۇقىرى ئېستېتىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ.

ئىزاھاتلار:

①② ئابلىز ساقى پەزلەتشاھ: «گۈزەللىك ئاياللارنىڭ ھەقىقىي ئىمتىيازى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2006 - يىلى9 - ئاي 1 - نەشرى، 1 - بەت.

③توختى ھاجى تىللا تۇزگەن: «ئاياللار ھەققىدە ھېكمەتلەر»، شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2002 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى، 78 - بەت.

④ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى، 97 - بەت.

پايدىلانغان ماتېرىياللار :

ئەلىشىر نەۋايى: «غەزەللەر» (تېيىپجان ئېلىيوف نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى 12 - ئاي، 1 - نەشرى.

شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى» (1 - ، 2 - قىسىم)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 - يىلى 3 - ئاي نەشرى.

ماھىنۇر ئەنۋەر: «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى ئىنسانلارنىڭ تاشقى قىياپەت گۈزەللىكى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2008 - يىللىق 1 - سان.

ماخمۇتجان مۇھەممەت: «نەۋايى غەزەللىرىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك روھ ۋە بەدىئىي يۈكسەكلىك»، «تارىم» ژۇرنىلى، 1998 - يىللىق 4 - سان.

مۇھەممەتتۇرسۇن ئېلى: «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئادەم گۈزەللىكى قارىشى ھەققىدە»، «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە — قۇتادغۇبىلىك، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى.

(ئاپتور ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ 2009 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

# دانىشمەن دېدەك

(چۆچەك)

توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: مۇتەللىپ پالتاجى، خەپىز ساتتار سالىھ

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە، تەكلىماكاننىڭ تۆرىدە بىر شەھەر بولغانىكەن، شەھەر ئىچى گۈل – گىياھلارغا تولغانىكەن. بۇ شەھەردە زامان ئەھلىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن، بايلىقتا قارۇنغا يېتىشكەن، ئەقىل – پاراسەتلىك، ناھايىتى پاساھەتلىك، ئىلىم – ھۈنەرگە تولغان، ئەلگە تونۇلغان بىر سودىگەر بار ئىكەن. سودىگەرنىڭ توققۇزى تەل، پۈتۈن ئارزۇسى ھەل بولغان، بېشىغا بەخت قۇشى قونغان بولسىمۇ، ھاياتىدا زادىلا پەرزەنت يۈزى كۆرمەپتۇ. لېكىن، پەرزەنت كۆرۈشتىن ئۈمىدىنى ئۈزمەي، تەڭرىدىن پەرزەنت تىلەپتۇ.

«تىلىگەن تاپار» دېگەندەك سودىگەرنىڭ تىلىكى ھاسىل بوپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. سودىگەرنىڭ خۇشلۇقتىن بېشى ئاسمانغا يېتىپتۇ. ئۇ ئوغلىغا ئوبۇلھەسەن دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. سودىگەر شۇ خۇشلۇقىدا قوي، كالىلار سويۇپتۇ، داشقازانلار ئېسىپ ئەلگە ئاش تارتىپتۇ، خەيرى – ئېھسان ئۇچۇن تەڭگە – تىللالارنى چېچىپتۇ. ناخشا – كۈيلەر ياڭراپ ئەل كۆڭلى ئېچىلىپتۇ. بۇ توي ئۈچ كېچە – كۈندۈز داۋاملىشىپتۇ.

سودىگەر ئوغلىنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلەپتۇ. ئۇنىڭغا سودا – سېتىق، جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىپتۇ. شۇڭا، ئوبۇلھەسەن ناھايىتى ئەدەپلىك، بىلىملىك ۋە باتۇر بولۇپ يېتىلىپتۇ. ئوبۇلھەسەن ئون سەككىزگە تولۇپتۇ. بۇ چاغدا سودىگەرگە قېرىلىق يېتىپ، يېشى سەكسەندىن ئېشىپ، چىشلىرى چۈشۈپ، بەللىرى مۈكچىيىپ، ئاجىزلىق ۋە بىمارلىق غالىب كەلگىلى تۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئوغلى ئوبۇلھەسەننى چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىدى. مەندىن كېيىن قالساڭ، يىغقان مال – دۇنيالىرىم ساڭا بىر ئۆمۈر يېتىدۇ، يامان كۈنگە قالۇرمەنمۇ دەپ غەم يېمە. ھەر دائىم پاك دىيانەتلىك بولغىن، تەكەببۇرلۇقنى، يامان نىيەتنى قويغىن. سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، بالىلىق دەۋرىڭدىكى ئويۇن ھازىر ساڭا ياراشمايدۇ، ۋاقىتنى قەدىرلەپ ئىلىم – ھۈنەر ئۆگەن، «ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس» دېگەن گەپ بار، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ ھەمدە ئۇزاق ئۆتمەي باقىي دۇنياغا سەپەر قىپتۇ. ئوبۇلھەسەن قازاغا رازى بولۇپ، ئاتىسىنىڭ نەزىر – چىراغلىرىنى بېرىپ تۈگىتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوبۇلھەسەننىڭ دوست - يارانلىرى كېلىپ، ئۇنىڭ قايغۇسىغا تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى تىندۇرۇپتۇ ۋە كېلىش مەقسىتىنى بىلدۈرۈپتۇ:

— ئوبۇلھەسەن، — دەپتۇ ئۇلارنىڭ بىرى، — سېنىڭ شۇنچە مال - دۇنيارىڭ تۇرسا، جاپا چېكىپ نېمىمۇ قىلارسەن. كىشىلەر مال - دۇنيا يىغىمىز دەپ جاپا چېكىشىدۇ. جاپا چېكىشنىڭ مەقسىتىمۇ ياخشى ياشاش ئۈچۈنغۇ، — دەپتۇ.

بۇ سۆزلەر ئوبۇلھەسەننىڭ كاللىسىدىن ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئويۇن - تاماشا، ئەيش - ئىشرەتكە كىرىشىپتۇ. مال - دۇنياسىنى توپىدەك شامالغا سورۇپتۇ.

«يېتىپ يېسەڭ تاغمۇ توشۇماس» دېگەندەك ئىككى يىل ئۆتەر - ئۆتمەي ئوبۇلھەسەن بىر تىيىن پۇلغا خار، بىر نانغا زار ھالەتكە چۈشۈپ قاپتۇ. بۇرۇنقى بايۋەتچىلىك تونىنىڭ ئورنىغا سىپايىلىك جەندىسىنى كىيىپتۇ. ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىمۇ ئۇنى كۆرسە قاچىدىغان بوپتۇ. نەزم:

يوقنى تاپماق بەسي مۈشكۈلدۇر ئەجەب،
بارنى يوق قىلغۇسىدۇر ھۇرۇن تەلەت.
بەش ئەزا ساق خارچىلىقتۇر بەك يامان،
قېرى - ياش ھەممە ئوقارلار لەنەت.

بەزىلەرگە گادايلىقتىن دۆلەت قونسا،
كۆك ئاسماندا قانات قېقىپ قىلۇر پەرۋاز.
قىرقىلسىمۇ قاناتلىرى قورقمايدۇ ھېچ،
كونا دوست، ئۆز ئەجرى بار، ئاتا سەرباز.

ھۈنەرسىز بايلىقنى ئەسكە ئالساڭ،
سۇسىز قالغان بۇلاققا نەزەر سالغىن.
قالماي ئەگەر ئېغىر كۈنگە دېسەڭ،
سۇ كەلگۈچە ئېرىققا توغان سالغىن.

گەرچە ئوبۇلھەسەننىڭ ھېچنەرسىسى قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ناھايىتى چىرايلىق لەززەت ئىسىملىك بىر دېدەكى بار ئىكەن.

بىر كۈنى ئوبۇلھەسەن ئەتىگەنلىك ناشتىسىغا يېگۈدەك بىرەر نەرسە تاپالماي بېشى قېيىپ، ماغدۇرى كېتىپ ئولتۇرغاندا، لەززەت ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— غوجام، غەم قىلمىسىلا. ئاقىللار: «ياش يىگىتلەر ئەقىل ۋە نەپسىدىن ئىبارەت ئىككى كۈچنىڭ تەسىرىدە بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەقلى غالىب كەلسە، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ راھەت - پاراغەتكە ئېرىشىدۇ؛ ناۋادا نەپسىنىڭ كەينىگە كىرسە، پالاكەت ۋە ھالاكەتكە دۇچار بولىدۇ» دېگەنىكەن. سىلى ئەدەپ - ئەخلاق بىلەن ئىلىم - ھۈنەرنىڭ ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ مۇشۇ كۈنگە قالدىلا. ئەمدى بۇ پالاكەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى شۇكى، مېنى شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسىلا، شاھ ھوزۇرىدا باھاغا سالسىلا. شاھلار شەھۋەتخور كېلىدۇ. ناۋادا، شاھ مېنى ئالماقچى بولسا، مىڭ تىللا باھا قويسىلا، ئەگەر شاھ ھەيران بولۇپ قارىغۇدەك بولسا، سىلى: «ئەسلى ئونمىڭ تىللالىق دېدەك ئىدى، ھوزۇرلىرىدا قىممەت دېيىشكە تىلىم بارمىدى» دېسىلە. ئەگەر شاھ باشقا گەپ سوراپ قالسا، جىم تۇرسىلا، ئۇنىڭغا جاۋابىنى ئۆزۈم بېرىمەن، — دەپتۇ. نەزم:

كۆل ئىدى تۈنۈگۈنلا، بۈگۈن تېقىر،
باي ئىدى تۈنۈگۈنلا، بۈگۈن پېقىر.
بايلىق كېتىپ، بېشىدىن بەخت ئېغىپ،
ناشتا ئۈچۈن بىر نان تېپىش بولدى ئېغىر.

شۇنداق قىلىپ ئوبۇلھەسەن دېدەكنى سېتىش ئۈچۈن شاھ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ ۋە قىزنى ساتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

مۆتىۋەر كىتاب تورى

لەززەت ھەقىقەتەنمۇ يەتتە ئىقلىمدىن تېپىلـ-
غۇسىز گۈزەل ئىكەن. ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايىنى
تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىكەن. بۇ ھەقتە
شۇ زامانىنىڭ شائىرلىرىدىن بىرى مۇنداق
دېگەنىكەن:

پەرىشتىمۇ ياكى ھۆرمۇ كۆرگىنىم،
يالقۇنىدا ئۆرتەندى بۇ يۈرىكىم.
كۆرگەن جانىنىڭ ئەقلى ـ ھوشى لال بولۇر،
قوياش ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ بىلمىدىم؟!

شاھ لەززەتنىڭ ھۆسن ـ جامالىغا ھەيران بوپ-
تۇ، يۈرىكى ئاتەش بولۇپ يېنىپتۇ. شاھ قىزنىڭ
باھاسىنى سورىغاندىن كېيىن، قىزدىن:
— ئەي پەرى قىز، ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ
سوراپتۇ.
— لەززەت، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز.
— قانداق ھۈنىرىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ.
— شاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ قىز، — ئېھتىيا-
جات قىلغان ئادەمگە بىلىم تەھسىل قىلىش قىيىن
كەلمەيدۇ. مەن ئىلمى نۇجۇم، تارىخ، پەلسەپە، ئەدە-
بىيات، تېبابەت، رەققاسلىق، مۇزىكا ۋە ئەدەپ بى-
لىملىرىنى ئۆگەنگەنمەن. تالاي پىرلارنى يەڭگەن-
مەن. بىراق، پېشانەمگە «دېدەك» نامى پۈتۈلگەچكە
سېتىلىشتىن باشقا ئىلاجىم يوق. بۈگۈن غوجام
مېنى ھۇزۇرلىرىغا ئېلىپ كەلدى.
— شاھ قىزنىڭ سۆزلىرىدىن قىزنىڭ تولىمۇ
چېچەنلىكىنى بىلىپتۇ. شۇڭا، ئۇ ئۆزىگە قاراشلىق
جايلارغا ئايغاقچىلارنى چاپتۇرۇپ، بولۇڭ ـ پۇچ-
قاقلارنىمۇ قالدۇرماي نامدار، نامسىز ئۆلىما، ھۆ-
كۇما، ئالىم ۋە دانالارنى ئوردىغا توپلاپتۇ.
شاھ ئوردىنى ئالاھىدە زىننەتلەپ، قىزنى ئال-
تۇن تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ، دەستۇرخانغا نازۇ -
نېمەتلەرنى تولدۇرغۇزۇپتۇ ۋە ئولتۇرغانلارغا كۆز
يۈگۈرتۈپ:
— ئەي قەلەمدارلىرىم، بۇ قىز بارلىق بىلىمـ-
لەردىن خەۋەردار، ئەقىل ـ پاراسەتلىك قىز ئىـ-
كەن. قايسى ئىلىمدىن سورىماقچى بولساڭلار،
جاۋاب بېرىشكە تەييار ئىكەن. سوراڭلار، قايسى
ئىلىمدىن سورىساڭلار ئىختىيارىڭلار، — دەپتۇ.
قىز شاھنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپتۇ ھەمدە قولىغا
تەمبۇر ئېلىپ غەزەل ئوقۇپتۇ:

گەر مۇرادىم ئېچرە يەتكۈسى،
غەم بىلەن ئەندىشە مەندىن كەتكۈسى.

غەيرىتىمدىن بولمىسا مەقسەت تامام،
ئۇندا مەن مەزۇر بولغۇم، ۋەسسالام.

لەززەت غەزىلىنى ئېيتىپ بولۇپ كۆپچىلىككە
قاراپ:
— قېنى، قانداق سوئاللىڭلار بولسا جاۋاب بې-
رىشكە تەييارمەن، ئەمما بىر شەرتىم بار، يېڭىۋال-
سام يېڭىلگەن كىشىنىڭ كىيىمىنى يېشىۋالىمەن،
بىر كاسە مەي ئىچىۋالىمەن، تەڭگە ـ تىللا ئالماي-
مەن، مال ـ دۇنياغا نەزەر سالمايمەن، — دەپتۇ.
شۇ چاغدا ئولتۇرغانلاردىن بىر بوۋاي ئورنىدىن
تۇرۇپ، ساقىلىنى سىلاپ تەكەببۇرلۇق بىلەن
سوراپتۇ:
— قۇۋۋىتى، جىنسى، ئۆلىدىغىنى — بۇلار
ھەركىمنىڭ بىلىدىغىنى. بۇ ئۈچ ئىشنىڭ كىشى-
لەرنىڭ سالامەتلىكىگە بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟
شاھ قىزنىڭ جاۋابىنى سوكۇت ئىچىدە كۈتۈپ-
تۇ، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپتۇ. سورۇن خۇددى مازار-
دەك جىمجىتلىققا چۆمۈپتۇ.
لەززەت ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق جاۋاب
بېرىپتۇ:
— ئۆز ئەھۋالىنى توغرا بىلىش سالامەتلىككە
پايدىلىق. ئەر كىشى بىلەن ئايال كىشىنىڭ كۈچ ـ
قۇۋۋىتى ئوخشاش ئەمەس، ئۇلاردىن ئوخشاش ئىش-
لەشنى تەلەپ قىلىش دورۇس ئەمەس، ئەگەر ئوخ-
شاش ئىشلەش تەلەپ قىلىنسا، سالامەتلىككە زى-

يان، بۇ ھەممىگە ئايان. خوش، ھەرقاچان ئۆلىدىغانلىقىنى بىلگەن كىشىنىڭ كېسەلدىن ساقلىنىش مەجبۇرىيىتى بار؛ يەنە بىرى ئاغرىق ئازابىنى ئويلاش، بىھۇدە غەم قىلىش ئۆلۈمنى يېقىنلىتىدۇ، ئادەمنى زەئىپلەشتۈرىدۇ.

بۇ جاۋابتىن قانائەتلەنگەن بوۋاي يەنە بىر سوئال سوراپتۇ:

— غىزالىنىشنىڭ پەرز ياكى سۈننەتلىكىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز.

— بۇ ھەقتە ئاقىلانە مەسلىھەتلەر كۆپ. ئادەم ياشاش ئۈچۈن غىزالىنىدۇ، نەپسانىيەتچىلەر نەپسى تۈپەيلى جازالىنىدۇ. غىزالىنىش تەبىئىي ئىش، شۇڭا تاماق يېيىش پەرز، تەبىئىتى تارتمىغان غىزانى زىيادە يېيىش سۈننەت ئەمەس، بەلكى مەكرۇھ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ لەززەت.

— «ئۈچ نەرسە ئۈچ نەرسىنى يوقىتىدۇ، بۇنىڭ ئاقىۋىتى كىشىنى قورقىتىدۇ» دەيدۇ، بۇنىڭ قانداق مەنىسى بار؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى بوۋاي.

— بىلىم ئەھلىلىرى بىلەن ياشانغانلار ھۆرمەت قىلىنمىسا، جەمئىيەتنى پالاكەت باسىدۇ؛ ئەل - يۇرت ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلمىسا، مالامەت ئاشىدۇ، خەلق بىرلىكتىن ئايرىلىدۇ؛ يېمەكلىك ئىسراپ قىلىنسا، ئۆيدىن بەرىكەت قاچىدۇ، ئېغىرچىلىق يېتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ لەززەت.

بوۋاي ئازراق ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئەي ئەقىل ئىگىسى، پانىي ئالەمنىڭ پەردىسى، سەندىن بىر سوئال سوراي، جاۋابىنى توغرا بەرسەڭ، ئايىغىڭغا باش قويۇپ تەزىم قىلاي. بىر ئاياغلىق جانسىز بىر خىل قۇش بار بولۇپ، دېڭىزغا ئاجايىپ تېز يول سالىدىكەن دەپ ئاڭلىدىم، ئەمما بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمىدىم، بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىساڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

لەززەت تەمكىنلىك بىلەن:

— يېزىش ۋە سىزىشقا ھەرقانداق كىشى ھەۋەس قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئايانكى، بىر ئاياغلىق قۇش دېگىنىڭىز — قەلەم، ئەگەر قەغەزنى دېڭىز دېسەك، يول ئەلۋەتتە يېزىق.

بوۋاي لەززەتكە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە سوئالنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— بارىكاللا، قىزىم، كۈچلۈك ۋە مەرتىۋىلىك بىر نەرسە باركى، بۇ پاندا ھېچكىم ئۇنىڭدىن خالىي ئەمەس، ئۇنىڭسىز ياشىماق تەس. ئۇنىڭ جېنى يوق، بەدىنىدە قېنى يوق، قەدىر - قىممىتى ئۈستۈن. بۇنىڭدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە خەۋىرىم بار، — دەپتۇ لەززەت جاۋاب بېرىپ، — سىز تەڭگە - تىللانى نەزەردە تۇتىۋاتىسىز. ئۇ كۈچلۈك ھەم مەرتىۋىلىك، ئۇنىڭ قېنى يوق، ئۇنىڭغا ئىگە بولغانلارنىڭ كۆڭلى توق، مېھرى ئىللىق، تالاي كىشىلەرنى ئۆزىگە قىزىقتۇرىدۇ، توغرا يولدىن ئازدۇرىدۇ.

— يەنە بىر جانسىز نەرسە بار ئىكەن، باي - كەمبەغەلگە يار ئىكەن، ئوزۇقلىنىشى ئوت ئىكەن، ئۇنىڭسىز ئۆي جۇت ئىكەن؛ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ سايرايدىكەن، ناخشا ئېيتسا چوڭ - كىچىك ئاڭلايدىكەن؛ ئۇنىڭ شەربىتىگە ئېغىز تەگكۈزسەڭ لەززىتى شېكەردىن تاتلىقراق، راھىتى چېمەندىن سالقىنراق، تۆت خىل ئوزۇقلۇقنى بەرمىسەڭ، ھەممىدىن ھۆرۈنراق ئىكەن. بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— بۇ نەرسە دەل قازان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ لەززەت، — ئۇنىڭغا بايمۇ، كەمبەغەلمۇ ئېھتىياجلىق، ئۇنىڭسىز ئۆيدە ئىللىقلىق يوق. ئۇنى ئوت ئارقىلىق ئىسسىتىپ، سۇ، سۈت قايىنىتىپ، تاماق پىشۇرسەن، بولمىسا ئۇنىڭ بىكار تۇرغىنى تۇرغان. ئۇ قاينىغاندا ئاۋاز چىقىرىدۇ، پىشۇرغان تاماقلىرى كىشىگە لەززەت بېرىدۇ.

بوۋاي سوئالنى داۋام قىپتۇ:

— ئاسمانغا چىققىلى بولامدۇ؟

— بىر كىتابتا يېزىلىشىچە، — دەپتۇ لەز-

زەت، — ئىنسانلار ئىخلاس بىلەن ئىزدىنىپ، بىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىپ، شۇ ئارقىلىق كۆككە چىقالايدىكەن.

— ئېيتقىنا، قىزىم، — دەپ سوراپتۇ بوۋاي، — دۇنيادا ئىشىكى، تۈڭلۈكى يوق بىر ئۆي ئىچىدە نېسىۋىسى بار، بىردە جانلىق، بىردە جانسىز، رەڭگى - رويى قانسىز مەخلۇقمۇ بارمىدۇ، ئۇ ئىنسانلارغا يارىمىدۇ؟

— بار، — دەپتۇ لەززەت ۋە سوئالغا نەزم ئارقىلىق جاۋاب بېرىپ:

ئىككى ياخشى ھەمراھ بولسا دوست بولىدۇ،
توغرا جاۋاب بەرسەم كۆڭلۈم خۇش بولىدۇ.
تۇخۇم ئۆيدۇر، ئىشىكى ھەم تۈڭلۈكى يوق،
ئۇ جانسىزدىن جانلىنىدۇ — قۇش بولىدۇ.

بوۋاي لەززەتنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىنىڭ ھەممىسىگە قايىل بوپتۇ. سوئال سوراش نۆۋىتى لەززەتكە كەپتۇ. لەززەت بوۋايدىن بىر سوئال سوراپتۇ. بوۋاي جاۋاب بېرەلمەي ئېغىر تىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھ بوۋاينىڭ چاپىنىنى سالدۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ.

ئولتۇرغانلار ئارىسىدىن بىر تېبابەت ئالىمى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— قىزىم، ئادەم نېمە سەۋەبتىن ئىنسان دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭ تېنى قانداق تۈزۈلگەن؟ ئادەمنىڭ قانچە تومۇرى، قانچە سۆڭىكى بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

تەقسىر، — دەپتۇ لەززەت، — بۇنىڭدىن ئازراق خەۋىرىم بار. دۇنيادا ئۆلمەيدىغان ئىنسان يوق. ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراستى بار، ئۇنى ھايۋانغا ئوخشاتساق بولمايدۇ. ئادەمنىڭ ئىككى قۇلاق، ئىككى كۆزى، ئېغىزى بىلەن بايان قىلىدىغان ئالانە سۆزى بار. بۇرۇن ئارقىلىق نەپەس ئالىدۇ، ئادەم بەدىنىدە يەتتە تۆشۈك بار. ئادەم ئوت، سۇ، تۇپراق ۋە ھاۋادىن ھاسىل بولغان. بۇ تۆت شەيئىنىڭ خاسىيىتى ئادەم تېنىگە تولغان. يەنى ئوتنىڭ تەسىرى بىلەن ئادەم خۇشال بولىدۇ، قايغۇرىدۇ، غەزەپلىنىدۇ؛ سۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئادەم سەۋر - تاقەتلىك، چىدامچان، غەيرەتلىك بولىدۇ؛ شامالنىڭ تەسىرى بىلەن ئادەم تەپەككۇر قىلىپ ئۇچىدۇ؛ تۇپراقنىڭ تەسىرىدىن ئادەم دۇنيادىن نېرى كېتەلمەيدۇ. ئادەمنىڭ ئۈچ خىل تومۇرى، ئىككى يۈز ئاتلە پارچە سۆڭىكى بار. ئىچكى قۇرۇلمىلىرى ساناقلىق. دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق بىلمەي تۇرۇپ، بىلىمەن دېيىش توغرا ئەمەس، ئەگەر دۇنيا قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق بىلگەن بولساق ئىدۇق، ئۆلمەي ئەبەدىي ياشىغان بولار ئىدۇق. شۇ نەرسە ئېنىقكى، دۇنيادا قانداق شەيئى بولسا، بۇنىڭ ھەممىسى ئادەم تېنىدە مۇجەسسەمدۇر. شۇڭا، ھەممىنى بىلىمەن دېيىش خاتادۇر.

— يۈرەك، ئۆپكە، جىگەر ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ تېبابەت ئالىمى.

— بىز كۆكرەك بوشلۇقىنى شاھ ئوردىسى دەپ قىياس قىلساق، يۈرەك پادىشاھ بولۇپ، ھەممىگە ئەمىر قىلغۇچىدۇر. ئۆپكە بىلەن جىگەر — ئوڭ قول، سول قول ۋەزىر بولۇپ، شاھ ئەمرىنى ۋاجىپ بىلگۈچىدۇر. ئەگەر ئۆپكە ئاغرىق، يۈرەك ساغلام بولسا يېگەن تاماقنىڭ قۇۋۋىتى تەنگە قونمايدۇ، يۈرەك كۈچكە تولمايدۇ، يۈرەكنى كېسەل چىرمايدۇ، ئاخىرىدا ئەجەل يېتىدۇ.

تېبابەت ئالىمى لەززەتنىڭ جاۋابىدىن مەمنۇن بولۇپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ ھەمدە سوئالىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— سىرتقى ئالامەت، ئىچكى كارامەتتىن دالالەت بېرەلەمدۇ؟ تېۋىپلار تاشقى كۆرۈنۈشتىن ئىچكى كېسەللىكنى بىلەلەمدۇ؟

— چىرايىنىڭ قېنى يوق، رەڭگى ئۆچكەن، تومۇرلىرى كۆكەرگەن، تىنىقى سېسىق، بەدىنى ئىسسىق كىشىلەر سالامەتلىكى ياخشى كىشىلەرگە ئوخشىماس، ئىچىدىكى دەردى سىرتىغا تەپمەي

توختىماس.

— ئىچكى كېسەل نېمىدىن بولىدۇ؟

— ئوزۇقلىنىشتىن.

— شەرھلەپ بەرگىن.

— تەبىئىتى تارتمىغان، تورۇپ قالغان، بوزۇلغان تائاملارنى يېيىش سالامەتلىككە ئىنتايىن زىيانلىق. يېيىش، ئىچىش ۋە دەم ئېلىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنىڭ ئۆلچىمى بار. تار ئېرىقتا ئارتۇق سۇ باشلاشنىڭ ھاجىتى يوق.

— تېبابەت ئالىمى كۆڭلىدە قىزغا «باركاللا» ئېيتىپتۇ ھەمدە سوئال سوراشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— ئۈچ ئىشكى بار، ئىچىدە دېڭىزى بار بىر تاغنى كۆردۈم. خۇدايىم ئۇنىڭغا كۆپ رىزىق، نېسىۋە بەرگەنلىكىگە زەن قويدۇم. تاغنىڭ بېشىدا ئالتە يەردە ئۆي تۇرىدىكەن، تاغ كۆچىدىكەن. ئىككى ئۆيى ئىككى مەزگىل يېپىلىدىكەن، ئوچۇق تۇرسا نۇرغۇن نەرسە تېپىلىدىكەن، مۇبادا ئىشىكى يېپىلىپ قالسا، بۇ ئېگىز تاغ تۇپراققا قېتىلىدىكەن. ئىلاھىي قۇدرەت بىلەن يارالغان يەنە ئىككى ئۆي خەۋەر كۈتۈپ تۇرىدىكەن، ئەگەر خەۋەرسىز قېلىپ ئىشىكى تاقىلىپ قالسا، ئۇ ئۆيلەرنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى قالمايدىكەن. قالغان ئىككى ئۆينىڭ ۋەزىپىسى كىرگۈزۈپ چىقىرىدىكەن، ياخشى - ياماننى بىلدۈرىدىكەن، بۇ ئىككى ئۆي قوشنا بولغاچقا كېرەكلىك خەۋەرلەرنى بەرگۈزىدىكەن. بۇ تاغقا ئىككى تېرەك، ئىككى تېرەككە ئون پۇتاق يارىتىلىپتۇ. تاغ ئۈستىگە تىكىلگەن ئىككى تېرەك بىر - بىرىگە ياندىشىپ تۇرۇپ قارىشىپتۇ. بۇ يەردە ھەرخىل چۆپلەر ئۆسكەن ئىكەن، بىر يەردە ئاز، بىر يەردە كۆپ ئىكەن. چۆپ تېرىشقا بىركىم ئۇرۇق سالمايدىكەن، سۇ قويمىسىمۇ زادى قۇرۇپ قالمايدىكەن. ئۈچ ئىشىككە ئۈچ ئاچا يول سېلىنىپتۇ، دەسلەپىدە بىر يول بىلەن ماڭغان نەرسە، كېيىن بېرىپ ئىككى يولغا ئايرىلىپتۇ. بۇ تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان تۆت ئارال تۆت شاھزادىنىڭ ماكانى ئىكەن. شاھزادىلەر ئاشۇ تاغنىڭ خاقانىكەن. بۇ يەردە ئەجدىھا، گۆھەر، دۇلدۇل ۋە نۇردىن ئىبارەت تۆت شەيئى بىر - بىرىگە ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدىكەن. بەزىدە ئۇلار تاڭ قالغۇدەك چىشلەشىدىكەن، بۇلارنىڭ سىرلىرىنى ئاچىدىكەن، بۇلبۇلدەك خەندان ئۇرۇپ سايرايدىكەن، ياخشى - ياماننى قويمايدىكەن. بۇ تەپسىلاتلارنىڭ نېمىلەردىن بېشارەت بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرسەڭ.

— خوپ، — دەپتۇ قىز جاۋابىنى باشلاپ، — ئىچى دېڭىز تاغ دېگەنلىرى ئادەمزات. ئىككى ئۆي دېگەنلىرى — ئىككى كۆز، ئۇ ھاياتلىقنىڭ چىراغى. ئۇ ئوچۇق تۇرسا، كۆپ نەرسىلەر تېپىلىدۇ. مۇبادا، قارىغۇ بولۇپ قالسا، يورۇقلۇق زۇلمەتكە ئايلىنىدۇ. يەنە ئىككى ئۆي — ئىككى قۇلاق، ئۇ ھەممە ئىشتىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر، پاڭ بولۇپ قالسا، ئىنساننى خاراب قىلىدۇ. سىلى قارىسىلا، ياخشى - يامان پۇراقنى بىلدۈرىدىغان ئىككى ئۆي — بۇرۇننىڭ ئىككى تۆشۈكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىككى تېرەك دېگەنلىرى ئىككى پۇت، ئون پۇتاق — ئون بارماقنى كۆرسىتىدۇ. ئادەمنىڭ ساقال - بۇرۇت، چاچلىرى ئۇرۇقسىز ۋە سۇسىز ئۆسۈپ تۇرىدۇ. ئۈچ ئىشىكنىڭ بىرى ئېغىز، تاماق ئېغىزدىن كىرىپ ئىككى يولغا ئايرىلىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئادەمنىڭ نەپسىنى ئەجدىھا دېسەك، ئەقىل گۆھەردۇر. نەپس غالىب كەلسە، بايمۇ ئاخىرىدا دۆۋانىگە ئايلىنىدۇ. بىلىم — كۆز، كۆڭۈل — دۇلدۇل. بۇلارنىڭ نام - ئەمەلىنى بايان قىلغۇچى تىل — سايراپ تۇرغان بۇلبۇل.

— بىر جاي بار، — دەپتۇ تېبابەت ئالىمى، — كۈن نۇرى بىر قېتىم چۈشىدۇ، ئىككىنچىلەپ ھەرگىز چۈشمەيدۇ، بۇ قانداق جاي؟

— دۇنيادا بۇنداق يەرلەر كۆپ، تاغ يېرىلىپ چوڭقۇر سايىنى بېسىۋالسا، ئۇنداق يەرگە مەڭگۈ كۈن نۇرى چۈشمەيدۇ. مۇسا پەيغەمبەر ھاسىسى بىلەن نىل دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئوتتۇرىسىدىن

ئىككىگە بۆلۈۋېتكەن، شۇ يەرگە كۈن نۇرى چۈشكەندى، ھاسىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ھېلىقى يەرنى سۇ بېسىۋالغان. شۇ يەرگە شۇنىڭدىن كېيىن زادىلا كۈن نۇرى چۈشۈپ باقمىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ لەززەت.

تېبابەت ئالىمى بۇ جاۋابنىمۇ توغرا تېپىپتۇ ۋە ئەبجەتتىن سۆز ئېچىپتۇ:

— بىر توپ كەپتەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئۇچۇۋېتىپتۇ. بىر توپى يەرگە، بىر توپى بېرىپ ياغاچقا قونۇپتۇ. ياغاچتىكى كەپتەرلەردىن بىرى كېلىپ يەرگە قونسا، ئىككى توپ كەپتەر تەڭ بولىدىكەن، يەردىكى كەپتەرلەردىن بىرى ئۇچۇپ بېرىپ ياغاچقا قونسا، يەردىكىسى بىر ھەسسە كەم بولىدىكەن. قېنى ئېيتىڭ، جەمئىي نەچچە كەپتەر بار، نەچچەسى ياغاچقا، نەچچىسى يەرگە قونغان؟

— لەززەت جاۋاب بېرىپ دەپتۇ:

— بۇ سوئاللىرىڭغا مەدرىستىكى تالىپمۇ جاۋاب بېرەلەيدۇ، ئويلانسا كىچىك بالىمۇ بىلەلەيدۇ. كەپتەرلەرنىڭ سانى ئون ئىككى. ياغاچتىكى كەپتەر يەتتە، يەردىكىسى بەش.

— بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان تېبابەت ئالىمى لەززەتنىڭ جاۋابلىرىغا قايىل بوپتۇ ھەمدە:

— مانا چاپىنىم، بۇ يەردە قارار تاپمىسۇن مېنىڭ تاپىنىم، — دەپ چاپىنىنى تاشلاپ، بېشىنى قاشلاپ شاھتىن رۇخسەت ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇ چاغدا قىزنىڭ قېشىغا نازىم ئىسىملىك بىر ئاقىل كىشى كېلىپ:

— مەن ھېچكىم بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى سوراپ باقاي، جاۋاب بېرەلمىسەڭ چاپىنىڭنى ئېلىپ ساتاي. قېنى جاۋاب بەرگىنە، دۇنيا مەۋجۇت بولۇشتىن ئىلگىرى يارىتىلغان بەش نەرسە قايسىلار؟

— ئوت، سۇ، ھاۋا، يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇقنىڭ دۇنيادىن بۇرۇن يارىتىلغانلىقى ھەممىگە ئايان، — دەپتۇ لەززەت.

نازىم سوراپتۇ:

— دۇنيا قانداق يارالغان؟

لەززەت بايان قىلىپ دەپتۇ:

— جان - جانىۋارلار تۇپراقتىن يارالغان، تۇپراق سۇنىڭ كۆپىكىدىن يارالغان. سۇ سالقىننىڭ ھاسىلى، سالقىن ئىسسىقنىڭ مەھسۇلى.

بۇ جاۋابتىن نازىمنىڭ ئەقلى قېچىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سوئالغا ئېغىز ئېچىپتۇ:

— ئاخىرقى سوئالىم شۇكى، نېمە قىلىچتىن ئۆتكۈر؟ قانداق نەرسە بالدىن تاتلىق، تاشتىن قاتتىق؟ ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز ۋاقىت قاچان؟ بىر ھەپتىلىك خۇشاللىقنى كىم بىلىدۇ؟ ئادەمنىڭ يوشۇرالماس سىرى قايسى؟ قانداق قىلغاندا تىرىك ئادەم ئۆلگەن بولىدۇ، قانداق ئادەمنىڭ كۆڭلى كۆلگەن بولىدۇ؟ قايسى چاغدا تۇرمۇش زىندان بولىدۇ، بىر جانلىق كىشىلەرگە دۈشمەن بولىدۇ؟ يەردىن چىقىپ كۆككە ئۇچقان، يەتتە مەخلۇقنىڭ شەكلىنى قۇچقان زادى نېمە؟

لەززەت جاۋاب بېرىپ دەپتۇ:

— دۇنيادا پەرزەنت بالدىن تاتلىق؛ يوقسۇزلۇق بىلەن جۇدالىق تاشتىن قاتتىق؛ قىلىچتىن ئۆتكۈر تىلدۇر، بۇنىڭغا قايىل دىلدۇر؛ ياخشىلار ئەدەپ - ئەخلاقتا مايىلدۇر، ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئەھلى ئاۋام قايىلدۇر. ئەدەپسىزنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆز ئاچچىق، بۇنداقلارنىڭ ھەممىسى پاسىق؛ ۋىسال تاپقان قىز بىلەن يىگىتنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتقان تۈنجى كۈن قايتا كەلمەيدۇ. بۇنى ئۇلار ئۆزلىرى سەزمەيدۇ، مۇھەببەت ئىگىلىرى بۇنى بىلىدۇ، شۇڭا شۇنداق كۈننىڭ قايتا تەكرارلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ؛ يەتتە كۈننىڭ ياخشىسى ھەركىمگە ھەر تۈرلۈك، بۇنى جەزمەن بىلگۈلۈك؛ پادىشاھ تەختكە چىققان كۈننى، ئالىملار ئاتاق - ئابرۇي تاپقان كۈننى ماختايدۇ، شۇ كۈننى ياخشى دەپ ھېسابلايدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق خۇشاللىقى بول-

مايدۇ. سودىگەرنىڭ نۇرغۇن پايدا ئالغان كۈنى، ئۇخلىيالماي ھېساب قىلىپ ياتقان كۈنى، شادلىقىدىن بىغەملىككە پاتقان كۈنى قەدىرلىك. چۈنكى، ئۇلار بايلىققا تويمايدۇ، مەنپەئەت ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدۇ.

قىز بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈۋېلىپ، بەزى سوئاللارغا نەزم بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

دۇنيادا مەڭگۈ ياشار جانلىق بولماس،
ئەجەلدىن قاچقان بىلەن ئۇ قۇتۇلماس.
تۇغۇلغاننىڭ ئۆلمىكى چىن ھەقىقەتتۇر،
ئەجەل كەلسە ئۇنى ھېچكىم يوشۇرالماس.

ئاڭلىغاندىن ھەرقاچان كۆرگەن ئارتۇق،
كۆرگەننى بۇزماي سۆزلەپ بەرگەن ئارتۇق.
يالغان سۆزۈڭ ئەل ئالدىدا ئېنىقلانسا،
ئۇندىن كۆرە ھايات يۈرمەي ئۆلگەن ئارتۇق.

خوش، يەنە بىرى، دۇنيادا ھېچكىم يامانلىقنى ئۆزىگە راۋا كۆرمەيدۇ. ئايال ئېرىنى چىن ئىخلاس بىلەن ھۆرمەت قىلسا، شۇ كىشىنىڭ كۆڭلى ھەمىشە باھار تۇرىدۇ، جۇدۇن ـ چاپقۇننى بىلمەيدۇ. بىز ئەۋلادلارنىڭ غېمىنى يېگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۇلارغا ئەقىل كۆرسىتىمىز، مەسلىھەت بېرىمىز، ئاتا ـ ئانىنىڭ مەسلىھەتىگە كىرمىگەن بالىنى دەل تۈرمۈشنىڭ زىندانى دەيمىز.

يەردىن چىقىپ كۆككە ئۇچقان، ئادەمگە دۈشمەن بولغان يەتتە مەخلۇقنىڭ سۈپىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن جانلىق ـــ چېكەتكە. ئۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسىدۇ، قانات چىقىرىپ ئۇچىدۇ. زىرائەتلەرگە زىيان سالىدۇ، ئۇنىڭ كاساپىتىدىن چىرايلىق يېشىللىقلار قاقاس بولىدۇ. ئۇ ئات باشلىق، يىڭنە قاناتلىق، تۆگە ئاياغلىق، يىلان قۇيرۇقلۇق، چايان قېرىن، ئۆكۈز بويۇن، كېيىك مۈڭگۈزلۈكتۇر.

لەززەتنىڭ جاۋابىغا سورۇن ئەھلى ھەيران قېلىشىپتۇ. بىرقانچە ئۆلىما، دانىشمەنلەر بېرىلگەن جاۋابلارغا قايىل بولۇپ چاپىنىنى ساپتۇ.

سوئال سورىغۇچىلار بولمىغانلىقتىن ئارىنى سۈكۈت بېسىپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھ ئېغىز ئېچىپ:

ـــ قىزىم، ئەقىل ـ پاراسەتتە كامالەتكە يېتىپسەن، ئىلىم ـ ھېكمەتتە نۇسرەت قۇچۇپسەن. مېنىڭمۇ بىر ـ ئىككى تېپىشماق سوئالىم بار ئىدى، قانائەت تاپقۇزۇپ، كۆڭلۈمنى بىئاراملىقتىن خالاس قىلساڭ، ـــ دەپتۇ.

ـــ قېنى سورىسىلا، شاھىم، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە جاۋاب بېرىشكە تەييارمەن، ـــ دەپتۇ لەززەت.

سوئال:
بىر جانىسىز شىرنى كۆردۈم، يالغۇز تىلى،
ئوخشىماس ھېچنەرسىگە ئۇنىڭ تۈرى.
بولسىمۇ ئۆزى جانسىز جانلىق ئالغان،
ساڭىمۇ ئايان بەلكىم بۇنىڭ سىرى؟!

جاۋاب:
دەسلەپ قورقۇپ ئۆزلىرىگە ياندىشىمىدىم،
ئىقتىدارىم يەتمىگەنگە تالاشمىدىم.
جانلىقنى ئالغان جانسىز قارماق ئۆزى،
تېپىشماقنىڭ مەنىسىدىن ئاداشمىدىم.

سوئال:
بىر جانسىز بوغۇپ قويسا گۇرۇلدەيدۇ،
ھېچبىر نەرسە كۆرەر كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ.
ئادەملەرنىڭ قولىدا راست ئىختىيارى،
كېچە ـ كۈندۈز ئىشقا سالساڭ ئېرىنمەيدۇ.

جاۋاب:
تۈمۈرچىنىڭ كۆرىگى راست گۇرۇلدەيدۇ،
سىرتىدىن ھېچبىر نەرسە كۆرۈنمەيدۇ.
ئاشۇرىدۇ جاۋابىمنىڭ راستلىقىنى،
ئادەم ئۇنى ئىشلەتسىلا ئېرىنمەيدۇ.

سوئال:

توقسان تۆۋرۈك تارقىلىپ،
تاش بولىدۇ بېكىنىپ.
قىرىق تال تاش ئويىنسا،
ئالار بىرسى كۆتۈرۈپ.
بىر كىندىكى تۇرىدۇ،
بىر ياغاچقا ئېسىلىپ.

جاۋاب:

توقسەن ئالتە مىسقىلىڭ،
جىگنى سەرگە قوشقىنىڭ.
ئېسىپ قويساڭ تۇرىدۇ،
كارى يوقتۇر باشقىنىڭ.

شاھ قىزنىڭ جاۋابىدىن قانائەت ھاسىل قىپتۇ. ئۇ تەختىدىن چۈشۈپ قىزنىڭ پېشانىسىگە ئاتىلىق مېھرى بىلەن سۆيۈپتۇ:

— قىزىم، تۈرلۈك ھۈنەرلەرنى ئىگىلىدىم، بىلىمىنى تۈگەللىدىم دېگەنىدىڭ. شاھمات تاختىسىدا ماھارىتىڭنى نامايان قىلغايسەن، — دەپتۇ.

— ئۇنىڭدىنمۇ ئاز - تولا خەۋەردارمەن، پەرمانلىرىغا پەرمانبەردارمەن، — دەپتۇ قىز.

شاھمات ماھىرلىرىدىن بىرى كەپتۇ. قىز ئۇنىڭغا «باشلاڭ» دەپتۇ. ھېلىقى ماھىر ھەرىكەتلىنىپتۇ، لېكىن ئۈچىنچى ئۆرۈق يۆتكەلگەندە مات بولغانلىقىنى بىلىپ ھەسرەتلىنىپتۇ. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم ئويناپتۇ، لېكىن قىزنى ئۇتالماپتۇ.

شۇ چاغدا قىز مۇنداق دەپتۇ:

ئۇتتۇردىڭىز بىر يۈرۈشكە يول تاپالماي،
گەردىڭىز تۇرۇپ قالدى يا قاچالماي.
قالايمىقان يۈرگەنلىكتىن قامالدىڭىز،
ھەم شاھىڭىز مات بولدى يول تاپالماي.

خىجالەت ئىچىدە قالغان ھېلىقى ماھىر:

— شاھىم، ئۆمرۈمدە بۇنداق دانىشمەن قىزنى كۆرمىگەنىدىم، بۇنىڭغا كىمنىڭ تەڭ كېلەلەيدىغىنىنى بىلمەيمەن. بۇنداق بىلىم - ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن قىزىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن خەلقىمىز پەخىرلەنسە بولغۇدەك. ئەگەر لايىق كۆرسىڭىز، بۇ قىزنى باشتىن - ئاياغ كىيىندۈرسەم، ئۇنىڭغا ئۇن مىڭ تىللا ھەدىيە قىلسام ھەمدە بۇ ئىلتىماسىم ئۈچۈن ئۇنىڭ رەھمىتىگە سازاۋەر بولسام، — دەپتۇ.

شاھ بۇ تەلەپنى ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن:

— نەغمە - ناۋا قىلىنسۇن، زىياپەت باشلانسۇن، — دەپ پەرمان قىپتۇ.

شۇ چاغدا لەززەت بەربابنى قولىغا ئېلىپ غەزەل باشلاپتۇ:

مەن چىمەننىڭ بۇلبۇلى،
سەن ئېچىلغان گۈلۈمسەن.
كۆڭلۈمدىكى ئارزۇنى
ئەلگە يايار ئۈنۈمسەن.

لەززەت ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى، مەقسەت - نىشانى، ھەسرەت - پىغانى، كۆڭۈل كويى، يۈرەك سىرىنى غەزەل بىلەن بايان قىپتۇ. شاھ ۋە پۈتۈن سورۇن ئەھلى ئۇنىڭ غوجىسىغا بولغان مېھرى - مۇھەببىتىنى چۈشىنىپتۇ.

ئايان بولدى جاھانغا
مېنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىم.
ئەلگە مەلۇم بولغاندۇ
راست - يالغان ھەزىلىم.

ئۆچمەس ھايات ئوتىغا،
چۈشۈپ قالسا نەزىرىم.
مەنمۇ، ئانا، قوشۇلاي،
يايراپ كەتسۇن بەدىنىم.
ئۆز بەختىنى تېپىشقا
ھەممە ئادەم ئىنتىزار.
ئاشۇ يولنى ئېچىشقا،

ياردەمچى قول نەدىدۇر؟
ئەقىدەم شۇ، ئەھدىم شۇ،
ھەقتائاللا ئۆزى يار...

لەززەت غەزىلىنى تۈگىتىپتۇ. پادىشاھ لەززەتكە قاراپ:

— قىزىم، ھەممىدىن غالىب كەلدىڭ، ھەممىمىزگە كۆپ تەلىم بەردىڭ. ئولتۇرغانلار سېنىڭدىن ئۈلگە ئالسۇن، سېنىڭ بۇ كارامىتىڭ ئەلگە ئۈلگە بولۇپ قالسۇن. ساڭا بىلىم تەھسىل قىلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن غوجاڭغا ئۇنىمڭ تىللا ھەدىيە قىلدىم، قانداق تىلىكىڭ بولسا ئېيت، كۈچۈم يەتسە تىلىكىڭگە يەتكۈزىمەن.

شاھنىڭ سۆزلىرىدىن خۇش بولغان لەززەت ئېيتىپتۇ:

— شاھىم، مېنىڭ ئوردىلىرىغا كېلىشتىكى مەقسىتىم، يوقسۇزلۇقتا چۈشۈپ قالغان غوجامغا ئۆزلىرىدىن ياردەم ئېلىپ بېرىش ئىدى. كۆڭۈل ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى، شادلىقىم دولقۇنلىنىپ تاشتى. سىلى بۇ ئىشنى بەجانىدىل بەجا قىلدىلا، كۆڭۈل سىرىمنى بىلدىلە. ئەمدىكى تەلىپىم، مېنى غوجامغا قوشۇپ قويغان بولسىلا؟

شاھ قىزنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپتۇ ھەمدە لەززەتنى ئۆزىگە مەسلىھەتچىلىككە، ئوبۇلھەسەننى ئوردا غەزىنىدارىغا تەيىنلەپتۇ.

ئەتىسى توي باشلىنىپتۇ، دۈشمەن كۆزى ياشلىنىپتۇ. داقا - دۇمباقلار ئۇرۇلۇپ، سۇناي - كانايلار چېلىنىپ، قوي، تۆگىلەر سويۇلۇپتۇ. زىياپەت باشلىنىپ، ئالتۇن قەدەھلەرگە مەيلەر قۇيۇلۇپتۇ، شىرەلەرگە نازۇ - نېمەتلەر تىزىلىپتۇ. زىياپەتتىن كېيىن، لەززەت بىلەن ئوبۇلھەسەننىڭ نىكاھى ئوقۇلۇپتۇ. بۇ ئىش ئەل ئاغزىدا داستان قىلىپ توقۇلۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ لەززەت بىلەن ئوبۇلھەسەننىڭ ئوتتۇز كۈن ئويۇنى، قىرىق كۈن تويى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: قورغاس ناھىيە لەڭگەر يېزا مەركىزى كەنت ئەزاسى ئۆمەر قارى، خاتىرە قالدۇرغۇچى: قورغاس ناھىيەسىدىن مۇتەللىپ پالتاجى)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئازسانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدە)




# بۆرە بىلەن تۈلكە

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

بۇرۇن بۇرۇندىكەن، تېرىق تۈلۈمدىكەن، بىر زامانلاردا بۆرە بىلەن تۈلكە يېقىن دوست بولغانىكەن. بىر كۈنى تۈلكە دوستى بۆرىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. بۆرىنىڭ قورسىقى ئېچىپ ئاران تۇرغانىكەن. ئۇ تۈلكىنى كۆرۈپ:

— دوستۇم تۈلكە، دەل ۋاقتىدا كەپسەن. بەك ئېچىرقاپ كەتتىم، بىر ئامال قىلىپ قورسىقىمنى تويغۇزۇپ قويساڭ بوپتىكەن، — دەپتۇ. تۈلكە «خوپ» دەپتۇ ـ دە، ئۇنى ئەگەشتۇرۇپ مېڭىپتۇ. مېڭىپ ـ مېڭىپ بىر يەرگە كېلىپ قارىسا، يەتتە ـ سەككىز خوتۇن تويغا كېتىۋاتقانىكەن. ھەممىسىنىڭ قولىدا بىردىن تاۋاق بار ئىكەن. تۈلكە شۇئان بىر دومىلاپلا بۆدۈنىگە ئايلىنىپتۇ ـ دە، ئۇ خوتۇنلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ يورغىلاشقا باشلاپتۇ. ئۇنى بىر خوتۇن كۆرۈپ قېلىپ:

— قاراڭلار ئاۋۇ بۆدۈنىنى، تۇتۇپ بالامغا ئېلىپ كېتەيچۇ، — دەپتۇ ۋە قولىدىكى تاۋاقنى يەرگە قويۇپ، بۆدۈنىنى قوغلاشقا باشلاپتۇ. قالغان خوتۇنلارمۇ تاۋاقنى قويۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپتۇ. تۈلكە بولسا ئۇلارنىڭ ئالدىدا يورغىلاپ مېڭىۋېرىپتۇ. خوتۇنلار يېتىشىۋېلىپ ئەمدىلا تۇتاي دېيىشكەندە تۈلكە دومىلاپ زادىلا تۇتقۇزماي بەرمەپتۇ. تۈلكە شۇ تەرىقىدە ئۇلارنى ئەخمەق قىلىپ، خېلى ـ غىچە يۈگۈرتۈپتۇ. بۆرە بولسا خاتىرجەم ھالدا تاۋاقلاردىكى تاماقلارنى مەززە قىلىپ يەپ، قورسىقىنى تويغۇزۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. خوتۇنلار «بۆدۈنە»نى تۇتالماي چارچاپ قايتىپ كېلىپ قارىسا، تاۋاقلىرى قۇپقۇرۇق تۇرغۇدەك. «ۋاي شورىمىز قۇرۇسۇن، ‹ئايىم بۇۋى ئوۋغا چىقتى، ئارقىسىدىن غوۋغا چىقتى› دېگەندەك، بۇ قانداق بولغىنى؟» دېيىشىپ داد ـ پەرياد چېكىشىپتۇ.

تۈلكە ئايلىنىپ كېلىپ قارىسا، بۆرە بىر جايدا دەم ئېلىپ ياتقان. ئۇ بۆرىدىن:

— ھەي بۇرادەر، قورسىقىڭ تويدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۆرە:

— قورسىقىم بەك تويۇپ كەتتى، دەم ئېلىپ ياتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەتىسى بۆرە تۈلكىنى ئىزدەپ بېرىپ دەپتۇ:

— بۇرادەر، تۈنۈگۈن مېنى بەك خۇشال قىلدىڭ، بۈگۈن بىر ئاز خاپا قىلىپ قويغىنا، بەك

زېرىكىپ كەتتىم.
تۈلكە جاۋابەن:
— بولىدۇ، قېنى مەن بىلەن يۈرگىن، — دەپ بۆرىنى باشلاپ مېڭىپتۇ. باغنىڭ تېمىنىڭ ئاستىدا تارغىنا بىر ئامبار بار ئىكەن، ئۇلار شۇ ئامباردىن قىسىلىپ ئۆتۈپ ئىچىگە كىرىپتۇ. قارىسا بۇ يەر ئۈزۈملەر بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، ئەتراپتا ھېچكىم يوق ئىكەن. ئۇلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۈزۈملەرنى يېيىشكە باشلاپتۇ. تۈلكە قورسىقىنى راسا تويغۇزغاندىن كېيىن، ئىككى تال ئۈزۈمنى بۆرىنىڭ تۆشۈكىگە تىقىپ، بۆرىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.
— ئاغىنە، مەن بەك تويۇپ كەتتىم، سەنمۇ جىقراق يەۋالغىن، — دەپتۇ تۈلكە. بۆرە تۈلكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ كۆپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ئاخىر قورسىقى يوغىناپ بولالماي قاپتۇ. لېكىن ئۈزۈم بۆرىدىن چىقماپتۇ.
— مەنمۇ بەك تويۇپ كەتتىم، لېكىن ئۈزۈم مېنىڭ بۇرنۇمدىن چىقمىدىغۇ؟، — دەپتۇ بۆرە. تۈلكە بۆرىنىڭ تۆمشۇقىنى كۆتۈرۈپ قاراپ:
— ھوي، ئەنە كۆرۈنۈپ قاپتۇ. يەنە بىر ئاز يېسەڭ ئاندىن چىقىدۇ، — دەپتۇ. بۆرە يەنە يېيىشكە باشلاپتۇ. بۆرىنىڭ قورسىقى تېخىمۇ تومپىيىپتۇ. ئۇ ئاخىر ئۆزىنى كۆتۈرۈپ بولالماي يېتىپ قاپتۇ. تۈلكىمۇ دەل شۇنى كۈتكەن ئىكەن. ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ تامنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ ـ دە:
— ئۈزۈم ئوغرىسى، ئامبارغا ئوغرى كىردى، — دەپ ۋارقىراپتۇ. باغۋەن بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، يوغان توقماقنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كەپتۇ. بۆرە ئورنىدىنمۇ تۇرالمىغاچقا قاچالماپتۇ. باغۋەن:
— خەپ ئوغرى، يېگەن ئۈزۈملىرىڭنى بۇرنۇڭدىن چىقىرىۋېتىمىسەم، — دەپ بۆرىنى تازا ساپتۇ. بۆرىنىڭ يېگەنلىرى ئاغزى ـ بۇرنىدىن چىقىپ، ئاخىر تاياقنىڭ زەربىسىدە ھوشىدىن كېتىپتۇ. باغۋەن ئۇنى ئۆلگەن ئوخشايدۇ دەپ كېتىپ قاپتۇ.
بىر چاغدا بۆرە ھوشىغا كېلىپ ئۆزىنى ئامبارنىڭ ئاغزىدا كۆرۈپتۇ. ئۇ مىڭ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر چەتكە بېرىپ ئېڭراپ يېتىپتۇ. بىر چاغدا تۈلكە يېتىپ كەپتۇ:
— ئاغىنە، ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ بۆرىدىن.
— سەنمۇ ئاغىنە بولدۇڭمۇ؟ ئازراق خاپا قىلىپ قويغىن دېسەم شۇنداقمۇ قىلامسەن؟ — دەپ ئاچچىقلاپ كېتىپتۇ بۆرە.
— باغۋەننىڭ ئۇنداق ئۇرۇپ كېتىشىنى مەن نەدىن بىلەي؟ — دەپتۇ تۈلكە.
ئەتىسى تۈلكە ئايلىنىپ يۈرسە ئالدىغا يوغان بىر تاش ئۇچراپتۇ. تاشنىڭ يېنىدا قوينىڭ قۇيرۇق مېيى تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن تۈلكە: «بۇ يەردە چوقۇم بىر گەپ بار» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئۇدۇل بۆرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
— قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بەك ئاچتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بۆرە.
— مەن بىر قوينى يېگەنىدىم، ئازراق يېغى قالدى، بولمىسا شۇنى يېگىن، — دەپتۇ تۈلكە.
بۆرە خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بوپتۇ، چۈنكى ئۇ ھېلىقى تاياقنىڭ زەربىسىدىن ھازىرغىچە ھېچنېمە يېيەلمىگەنىكەن. ئۇ تۈلكىگە ئەگىشىپ، ھېلىقى تاش بار تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئاز قالغاندا تۈلكە يىراقتىن ھېلىقى قۇيرۇق ياغنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. بۆرە ئالدىراپ بېرىپ قۇيرۇق ياغنى چىشلەپ بىر تارتقانىكەن، «چاس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قاپقانغا ئىلىنىپ قاپتۇ. ماراپ تۇرغان تۈلكە يۈگۈرۈپ كېلىپ، قۇيرۇق ياغنى يەۋېتىپلا قېچىپ كېتىپتۇ.
بىر چاغدا ئوۋچى كېلىپ، قاپقانغا چۈشۈپ قالغان بۆرىنى كالتەك بىلەن راسا ئۇرۇپ، ئاندىن قويۇۋېتىپتۇ.

بۆرە ئۇۋچىدىن قۇتۇلۇپ، ئاچ قورساق ئاران كېتىۋاتقانىكەن، يولدا بىر قوزا ئۇچراپ قاپتۇ. بۆرە ئۇنىڭغا قاراپ:

— ھەي قوزا، بەك ياخشى ئۇچراپ قالدىڭ، قورسىقىم ئېچىپ چىدىمايلا قالدىم، سېنى يەيمەن، — دەپتۇ. قوزا قورقۇپ تۇرۇپ:

— تەقسىر، مېنىڭ گۆشۈم بەك تەمسىز، شۇڭا ئاۋۋال تۇز تېپىپ كېلىڭ، — دەپتۇ. بۆرە ماقۇل بولۇپ تۇز ئىزدەپ كېتىپتۇ. بۆرە كېتىشى بىلەن قوزا دەرھال قېچىپ كېتىپتۇ. بۆرە تۇزنى ئېلىپ قايتىپ كېلىپ قارىسا، قوزا يوق تۇرغۇدەك، ئۇ بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ كېتىۋاتسا، خوراز ئۇچراپ قاپتۇ. بۆرە ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— ھەي خوراز، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، سېنى يەيمەن، — دەپتۇ. خوراز ئۇنىڭغا:

— يېيىش ئۈچۈن ئاۋۋال مېنى بوغۇزلىشىڭ كېرەك، شۇڭا دەرھال پىچاق ئېلىپ كەلگىن، — دەپتۇ. بۆرە ماقۇل بولۇپ پىچاق ئىزدەپ كېتىپتۇ. خوراز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. بۆرە پىچاقنى ئېلىپ كەلسە، خوراز يوق تۇرغۇدەك، ئۇ ئىلاجسىز يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ بىر ئوتلاقتا كەلسە، قېچىر ئوتلاپ يۈرگۈدەك، ئۇ قېچىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ھەي قېچىر، قورسىقىم ئېچىپ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، سېنى يەيمەن، — دەپتۇ.

— مېنى يېمەكچى بولساڭ ئاۋۋال بىر مىنىپ، ئاندىن يېگىن، شۇ چاغدا گۆشۈم تەملىك بولىدۇ، — دەپتۇ قېچىر. بۆرە ماقۇل بولۇپ، قېچىرنى ئەمدىلا مىنىشىگە، قېچىر بىرلا سىلكىنىپ بۆرىنى يىقىتىۋېتىپتۇ ـ دە، قېچىپ كېتىپتۇ.

بۆرە ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە مېڭىپتۇ. ئۇ بىر يەرگە كەلگەندە ئۇنىڭغا ئات ئۇچراپ قاپتۇ. بۆرە ئاتقا قاراپ:

— ھەي ئات، سېنى يەيمەن، — دەپتۇ. ئات بۆرىگە:

— يېسەڭ يېگىن، بىراق ئاۋۋال بىر ئىشقا ماقۇل بولغىن، — دەپتۇ. بۆرە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ماقۇل بوپتۇ.

— ئارقا پۇتۇمنىڭ ئوڭ تۇيىقىغا ئاتام يېزىپ قالدۇرغان بىر خەت بار ئىدى، شۇنى ماڭا ئوقۇپ بېرىپ ئاندىن يېگىن، — دەپتۇ ئات. بۆرە ئاتنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپتىكەن، ئات تۇيىقىنى كۆتۈرۈپتۇ، بۆرە خەتنى كۆرىمەن دەپ يېقىن كېلىشىگە، ئات كۆچەپ بىرنى تېپىپتىكەن، بۆرىنىڭ چىشلىرى تۆكۈلۈپ ئاغزى ـ بۇرنى قان بىلەن بويىلىپتۇ.

دەل شۇچاغدا تۈلكە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ بۆرىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ:

— ۋاي ئاغىنەم، ساڭا يەنە نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. بۆرە:

— ھەي نېمىسىنى سورايسەن، مانا مۇنداق ئىشلار بولدى، — دەپ، بولغان ئىشلارنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ھەي ئەخمەق، قوزىنى تۇتۇپلا يەۋەتسەڭ بولماسمىدى، ساڭا كىم قويىدى تۇز ئەكېلىشنى؟ خورازنىڭ بوينىنى ئۈزسەڭ بولماسمىدى، كىم قويىدى ساڭا پىچاق ئەكېلىشنى؟ قېچىرنىڭ بوينىدىن چىشلىسەڭ بولماسمىدى، كىم قويىدى ساڭا قېچىر مىنىشنى؟ ئاتنى يەپ تېرىسىدە ياتساڭ بولماسمىدى، كىم قويىدى ساڭا خەت ئوقۇشنى؟ — دەپتۇ تۈلكە.

بۆرە تۈلكىدىن دەشنام يەپ ئۈندىمەي ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە يولىغا راۋان بوپتۇ. ئازراق مېڭىشىغىلا ئىككى ئوۋچى ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ قوغلاشقا باشلاپتۇ. بۆرە قېچىپ كېتىۋېتىپ قوش ھەيدەپ يۈرگەن بىر ئادەمگە ئۇچراپتۇ. ئۇ قوشچىغا يالۋۇرۇپ:

— جېنىم ئاكا، مېنى ئوۋچىلاردىن قۇتقۇزۇپ قالساڭ، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. قوشچىنىڭ بۆرىگە ئىچى ئاغرىپ ماقۇل بوپتۇ. ئۇ بۆرىنى چوڭ بىر تاغارغا سېلىپ يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. بىر چاغدا ئوۋ-

چىلار يېتىپ كېلىپ قوشچىدىن:

— بۇ يەردىن بىر بۆرە ئۆتتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قوشچى:

— ھەئە، ئاۋۇ تەرەپكە كەتتى، — دەپ باشقا بىر يەرنى ئوۋچىلارغا كۆرسىتىپ قويۇپتۇ.

ئوۋچىلار كەتكەندىن كېيىن، بۆرە تاغاردىن چىقىپ، قوشچىغا:

— ھەي قوشچى، ئەمدى سېنى يەيمەن، — دەپتۇ. قوشچى ھەيران بولۇپ:

— بۇ قانداق گەپ؟ مەن سېنىڭ جېنىڭنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان تۇرسام، — دەپتۇ.

— ياخشىلىققا يامانلىق، — دەپتۇ بۆرە. دەل شۇ چاغدا تۈلكە يېتىپ كەپتۇ ۋە قوشچىدىن:

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. قوشچى بولغان ئىشلارنى تۈلكىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ.

تۈلكە بۆرىگە قاراپ:

— سېنىڭ مۇشۇ تاغارغا پاتقىنىڭغا پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، راستلا پاتتىڭمۇ؟ — دەپتۇ. بۆرە:

— راست پاتتىم، — دەپتۇ. تۈلكە يەنە ئىشەنمىگەن قىياپەتتە:

— ئەمىسە قايتا كىرىپ باققىنە، — دەپتۇ. بۆرە تاغارنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ، تۈلكە قوشچىغا ئىشارەت قىلىپ، تاغارنىڭ ئاغزىنى بوغۇشقا بۇيرۇپتۇ. قوشچى دەرھال تاغارنىڭ ئاغزىنى چىڭ بوغۇپتۇ، ئاندىن تۈلكە بىلەن ئىككىسى بىردىن كالتەكنى ئېلىپ، بۆرىنى تازا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ.

(توپلاپ رەتلىگۈچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)



توپلاپ رەتلىگۈچى: سابىرجان سېيىت

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ قىرىق خوتۇنى بار ئىكەن، لېكىن بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىكەن. پادىشاھ پەرزەنت كۆرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن سەيلىگە چىقىپتۇ. باغباراڭلارنى ئارىلاپ بىرمۇنچە بالىلارنى كۆرۈپتۇ، بۇ بالىلارنىڭ ئىچىدە ۋەزىرلەرنىڭ بالىلىرىمۇ بار ئىكەن. ۋەزىرلەرنىڭ بالىلىرى يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ دادىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، مۇڭدىشىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچىيىپ، كۆڭلى غەش ھالدا ئوردىغا قايتىپتۇ.

پادىشاھ كۆڭلىدە: «قىرىق خوتۇن ئېلىپمۇ يا قىز يا ئوغۇل پەرزەنت كۆرمەپتىمەن، ناۋادا رىزىق - نېسىۋەم توگەپ، ئەجەل شەربىتى ئىچىپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلسام، نام - نىشانسىز كېتەرمەنمۇ» دەپ ئويلاپ، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىغا بۇ كۆڭۈل غەشلىكىنى ئېيتىپ مەسلىھەت سوراپتۇ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، شەھىرىمىزدە بىر ئايال بار، ئۆزى ناھايىتى گۈزەل، لېكىن بىر قېتىم ياتلىق بولۇپ توغقان بالىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئېرىدىن ئاجراشقان، ئەگەر «ئەرگە تېگىپتىكەن» دېمىسىلە، شۇ ئايالنى ئەمرىلىرىگە ئالسىلا، ئاللا پەرزەنت ئاتا قىلسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ مەسلىھەتكە ماقۇل بوپتۇ ۋە:

— ئۇنداق بولسا شۇ ئايالنى نىكاھىمغا ئالاي، بۇ ئىشنى سىلى بېجىرسىلە، — دەپ ھېلىقى ۋەزىرگە ھاۋالە قىپتۇ.

ۋەزىر ئۇ ئايالنىڭكىگە ئەلچى بولۇپ بېرىپتۇ. ئۇ ئايالمۇ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھ بىلەن ئايال توي قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئايال پادىشاھنىڭ قىرىق بىرىنچى خوتۇنى بوپتۇ. توي قىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن پادىشاھنىڭ خوتۇنى ھامىلىدار بوپتۇ. ئارقىدىنلا ۋەزىرنىڭ خوتۇنىمۇ تەڭلا قورساق كۆتۈرۈپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىر بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن كۆڭۈل ئاچماقچى بولۇپ شىكارغا چىقىپتۇ. بۇلار يول يۈرۈپ بىر ئاچا يولغا كېلىپ قاپتۇ. پادىشاھ:

— ھەممىمىز بىر يولدا ماڭساق بىرەر كېيىك ياكى توشقان ئۇچرىسا، ھەممىمىز تەڭ قوغلاپ ئاۋارە بولىدىكەنمىز، شۇڭا ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، ئالدىمىزغا نېمە ئۇچرىسا شۇنى ئېتىپ ئېلىپ كېلەيلى، ئۇۋدىن كېيىن ھەممىمىز مۇشۇ ئاچالدا ئۇچرىشىپ بىللە قايتايلى، — دەپتۇ.

ئۇلار ئىككىگە بۆلۈنۈپتۇ. بىر يولغا پادىشاھ باش بولۇپ، يەنە بىر يولغا ئوڭ قول ۋەزىر باش بولۇپ مېڭىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر بىر يەردە كېتىۋاتسا، ئۇنىڭغا بىر كېيىك ئۇچراپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە «ھەرنېمە بولسا بىر كېيىك ئۇچرىدى، بۇ مېنىڭ تۇنجى ئولجام بولسۇن» دەپ، ئوقنى چەنلەپ ئاتاي دەپ تۇرۇشىغا، كېيىك ئالدى پۇتىنى كۆتۈرۈپ ۋەزىرنىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇپتۇ. ۋەزىر قارىسا، بۇ كېيىك بوغاز ئىكەن، «بۇ كېيىك بوغاز ئىكەن، بىرنى تۇغامدۇ ياكى بىر قانچىنى تۇغامدۇ، بۇنىسى نامەلۇم، ئېشقىلىپ، ئايالىمنىڭ قورسىقىدىكى بالامنىڭ بەختى ئۈچۈن بۇ كېيىكنى ئاتماي» دەپ كېيىكنى ھەيدىۋېتىپتۇ. ۋەزىرگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنەرسە ئۇچرىماپتۇ. ھېلىقى بوغاز كېيىك ئۇ يەردىن قېچىپ پادىشاھقا ئۇچراپتۇ. پادىشاھمۇ كېيىكنى ئاتاي دەپ ئوقنى چەنلىگەنىكەن، كېيىك ئىككى پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئۆرە تۇرۇپتۇ. پادىشاھمۇ كېيىكنىڭ بوغازلىقىنى كۆرۈپ، «مەن قىرىق خوتۇن ئېلىپ پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىدىم، قىرىق بىرىنچى خوتۇنۇمدىن پەرزەنت كۆرۈش ئالدىدا تۇرىمەن، بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان بالامنىڭ بەختى ئۈچۈن بۇ كېيىكنى ئاتماي» دەپ ئۇمۇ كېيىكنى قاچۇرۇۋېتىپتۇ. كەچتە ھەممەيلەن ئاچالغا كەپتۇ ۋە بىر ـ بىرىدىن ھاردۇق سورىشىپتۇ. پادىشاھ قارىسا، ئوڭ قول ۋەزىر بىلەن ئۆزىدىن باشقىلاردا بىرەردىن ئوۋ غەنىمەتلىرى تۇرغۇدەك، پادىشاھ سوراپتۇ:

— ۋەزىر، ئالدىڭغا ھېچنېمە ئۇچرىمىدىمۇ؟

— بىر كېيىك ئۇچرىغانىدى، پادىشاھى ئالەم، قارىسام بوغاز ئىكەن، ئايالىمنىڭ ھامىلدارلىقى ئېسىمگە كېلىپ ئۇنى ئاتمىدىم، — دەپتۇ ۋەزىر.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ:

— مېنىڭ ئالدىمغىمۇ بىر بوغاز كېيىك ئۇچرىغانىدى، مېنىڭ ئايالىممۇ ھامىلدار بولغاچقا ئاتمىغانىدىم، ئىككىمىزنىڭ نىيىتى ئوخشاش ئىكەن، — دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە، — بىرىمىزنىڭ ئايالى ئوغۇل، بىرىمىزنىڭ ئايالى قىز تۇغسا قۇدا بولايلى؛ ھەر ئىككىلىسى ئوغۇل بولسا ئاكا ـ ئىنى بولسۇن، ئەگەر ئىككىلىسى قىز بولسا ئاچا ـ سىڭىل بولسۇن، — دەپ ۋە ۋەزىر بىلەن ئەھدى قىلىشىپتۇ.

توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت ئۆتۈپ پادىشاھ بىلەن ۋەزىرنىڭ ئايالى تەڭلا ئوغۇل تۇغۇپتۇ. پادىشاھ ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، ئوغلىنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىنى تەبرىكلەپ، پۈتۈن يۇرت ئەھلىگە يەتتە كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئەھدىلىرىگە ئاساسەن بىر ئىمىكئانا تېپىپ، ئىككى ئوغۇلنى ئۇ ئانىغا تاپشۇرۇپتۇ. ئىمىكئانا ئىككى ئوغۇلنى بىللە بېقىشقا باشلاپتۇ. بۇ باللار بىللە چوڭ بوپتۇ. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈۋېرىپتۇ. ئىككى ئوغۇل مەكتەپ يېشىغا توشقاندا پادىشاھ ئۇلارنى مەكتەپكە بېرىپتۇ. ئىككىسى مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى ئوقۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ئوغلى ئون بەش ياشقا كىرگەندە، بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە پەرىلەردەك ساھىبجامال بىر قىز شاھزادىنى باغرىغا بېسىپ: «ئەي شاھزادە، مەن سىزنىڭ جۈپتىنىگارىڭىز، مېنى گۈزەل شەھىرىدىن تېپىڭ» دەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ شاھزادە چۈشىدە كۆرگەن بۇ قىزغا غايىبانە ئاشىق بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان، گەپ قىلمايدىغان، دائىم خىيال سۈرۈپ يۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھ تېۋىپ چاقىرىپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق كېسەل تېپىلماپتۇ. يىللار ئۆتسىمۇ شاھزادە زادى گەپ قىلماپتۇ. پادىشاھ ئۆز ئوغلىنىڭ گەپ قىلماس بولۇپ قالغانلىقىدىن

كىتاب تور بېكىتى ketabkitap.com



كۆڭلى بەكمۇ يېرىم ئىكەن. پادىشاھ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر شاھزادىنى ئۆيلەپ قويۇش قارارىغا كەپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى چاقىرىپ دەپتۇ:

— ئوغلۇم، سەن شاھزادە بىلەن بىر كۈندە تۇغۇلۇپ بىر ئانىنىڭ قولىدا تەربىيەلەندىڭ، بىللە ئويناپ، بىللە ئوقۇپ چوڭ بولدۇڭ. ئۆزۈڭ بىلىسەن، شاھزادە خېلى ئۇزاقتىن بېرى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، ھازىر ھەر ئىككىڭلار بالاغەتكە يەتتىڭلار، مەن كۆپ ئويلىنىشىپ شاھزادىگە سول قول ۋەزىرنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىشنى لايىق تاپتىم. ئۇ قىز ھەم ئەقىللىق ھەم چىرايلىق. بۇ ئىشنى شاھزادىگە دېگىن، بىر ئامال قىلىپ ئۇنى ماقۇل قىلساڭ، ھازىردىن باشلاپ توي تەييارلىقىنى قىلساق دەيمەن.

— ئەي شاھ ئاتا، شاھزادە بەكمۇ خىيالچان بولۇپ قالدى، ھەممىشە ئېغىر ئۇھ تارتىدۇ، دائىم يالغۇز يۈرىدۇ، مەن بىر جاۋاب ئېلىشقا تىرىشىمەن، ئەگەر جاۋاب ئالالمىسام، ئۆزلىرى بىلگەنچە ئىش قىلغۇۋرسىلە، شۇ چاغدا بىر گەپ بولار، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى شاھزادىگە:

— ئەي شاھزادەم، شاھ ئاتىمىز سىلىگە سول قول ۋەزىرنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمەكچى، بۇنىڭغا قوشۇلامىلا؟ — دەپ خەت يېزىپ شاھزادىگە تۇتقۇزۇپتۇ. شاھزادە خەتنى كۆرۈپ ئېغىر بىر «ئۇھ» تارتىپ يەنە گەپ قىلماپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى:

— ئەي شاھزادەم، سىلىنىڭ گەپ قىلماسلىقلىرى رازىلىق بىلدۈرگەنلىكلىرى بولىدۇ، ئۇنداقتا، شاھ ئاتىمىز تويىنى باشلاۋەرسۇن، — دەپ خەت يېزىپ شاھزادىگە تۇتقۇزۇپتۇ.

شۇ چاغدا شاھزادە قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ، ئارقىدىنلا ھۆكىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ، بىر ھازادىن كېيىن يىغىدىن توختاپ «ئاھ» ئۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي دوستۇم، سەن مېنىڭ يارامغا تۇز سېپىپ ئازابلىرىمنى كۈچەيتىۋەتتىڭ، مېنى ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر قىلدىڭ. دادامغا ئېيت، سول قول ۋەزىرنىڭ قىزىنى ئالمايمەن، باشقا ھەر قانداق قىزلارنىمۇ ئالمايمەن. مەن «مۇرادىمغا يەتمىگۈچە، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايمەن» دەپ ئەھدى قىلغانىدىم، لېكىن مېنى سىلەر گەپ قىلىشقا مەجبۇرلىدىڭلار، گەپ قىلمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ. مەن ئون بەش يېشىمغا توشقان كۈنى، ئوڭۇمىمۇ - چۈشۈمىمۇ بىلمەيمەن، ئىنتايىن گۈزەل بىر قىز مېنى باغرىغا بېسىپ «مەن سىزنىڭ مەڭگۈلۈك جۈپتىنىگارىڭىز، مېنى گۈزەل شەھىرىدىن تېپىڭ» دېگەنىدى. شۇنىڭدىن بېرى، ئەنە شۇ پەرى سۈپەت ساھىبجامال قىز مېنىڭ ئارزۇ - ئارمانىم بولۇپ قالدى. ئۇ زادى كىم، ھازىر قەيەردە، قانداق ئادەملەرنىڭ قىزى؟ بۇلارنى بىلمەيمەن. لېكىن مەن ئەنە شۇ جۈپتىنىگارىمنى ئىزدەپ تېپىپ شۇنىڭ بىلەنلا توي قىلىمەن. ئەگەردە ئۇ قىزنى تاپالمىسام، بۇ ھاياتتىن ئۈمىدىمنى ئۈزىمەن. مەن دائىم ئاشۇ جۈپتىنىگارىم بىلەن خىيالەن مۇڭدىشىمەن، سۆزلىشىمەن، خىيالىمدا بىر مىنۇتمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلمايمەن، شۇڭا مېنىڭ باشقىلارغا گەپ قىلىدىغان ۋاقتىم چىقمايدۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دەرھال پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ شاھزادىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ بىرىنى قويماي يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ بىر تەرەپتىن ئوغلىنىڭ گەپ قىلغانلىقىدىن خۇرسەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن «گۈزەل شەھىرى» دېگەن شەھەرنى ئاڭلاپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن غەم قىپتۇ ۋە ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا دەپتۇ:

— ئەي ئوغلۇم، ياخشى ئىش قىلدىڭ. شاھزادىنىڭ ئاغزىدىن گەپ ئېلىپ، مېنى چوڭ بىر غەمدىن قۇتۇلدۇردۇڭ. ئەمدى شاھزادىنى ئۆيلەشنىڭ غېمى قالدى. شاھزادىگە دېگىن، مەن «گۈزەل شەھىرى» دېگەن شەھەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىغان، ئۇ شەھەرنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەي-

مەن، شاھزادە ئۇنىڭدىن باشقا قايسى شەھەر پادى-
شاھىنىڭ قىزىنى ئالمەن دېسە، ئېلىپ بېرەي،
نەچچىنى ئالمەن دېسە، شۇنچىنى ئېلىپ بېرەي.
ۋەزىرنىڭ قىزىنى ئالمىسىڭىز مەيلى، — ۋەزىرنىڭ
ئوغلى بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەنە شاھزادىنىڭ يېنىغا
بېرىپ پادىشاھنىڭ گېپىنى دەپتۇ. شاھزادە:

— ئەي دوستۇم، ئاتامغا دېگىن، مەن مۇراد
گۈلۈمنى ئىزدەپ تېپىش قارارىغا كەلدىم. سەپەر
قىلىپ جاھان كېزەي. بۇ يولدا ياكى مۇرادىم ھا-
سىل بولغاي ياكى ھالاك بولغايمەن. جۇپتىنىگا-
رىمنى ئىزدەش يولىدا ھالاك بولۇش مەن ئۈچۈن
بەخت. ئەگەر نىگارىمنى تېپىپ ۋىسالىغا يەتسەم
ئەجەب ئەمەس، «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكى-
لى بولماس» دېگەن گەپ بار، — دەپتۇ.

— ئەي شاھزادەم، ئىككىمىز بىر كۈندە تۇ-
غۇلدۇق، بىر ئانىنىڭ قولىدا تەربىيەلەندۇق، بىر
مەكتەپتە ئوقۇدۇق، بىراق ھازىرغىچە سەن بىر
ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغانلىقىڭ ئۈچۈن مۇڭداشمى-
دۇق، سىرداشمىدۇق. گەرچە ئىككىمىز تەڭ بول-
ساقمۇ ھۆرمەت يۈزىسىدىن سەن مېنىڭ ئاكام. يال-
غۇز سەپەر قىلىش خەتەرلىك، جۈپتىنىگارىڭنى
تېپىش نىيىتىگە كەپسەن، سەپەر قىلىپ جاھان
كەزمەكچى بولۇۋاتىسەن، مەن سەن بىلەن بىللە
سەپەر قىلاي، سەن ئۆلسەڭ مەنمۇ بىللە ئۆلەي،
سېنىڭ تەقدىرىڭ قانداق بولسا، مېنىڭ تەقدىرىم-
مۇ شۇنداق بولسۇن، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى.

شاھزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى
باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە دەپتۇ:

— ئەي سادىق دوستۇم، سەن بىلەن تەڭ تى-
لىمىم چىققان، لېكىن غايىب نىگارىم بىلەن
ئۇچراشقان كۈندىن باشلاپ، ئۇ نىگار بىلەن خىيا-
لەن مۇڭدىشىپ يۈردۈم، ئۇ خىيال ئېنىكىمدىن
بىردەممۇ نېرى كەتمىدى، شۇڭا ساڭىمۇ گەپ قىل-
غۇم كەلمىدى، كەچۈرگىن. بولدى، مەن يالغۇز
جاھان كېزەي. مەن ئۈچۈن جاپا چەكمىگىن.

— ياق، سەن بىلەن جاھان كېزىمەن، مېنى
توسمىغىن. ئوردىدىكى غەزنىدارلار سېنىڭ گەپ-
پىڭنى ئاڭلايدۇ، قىرىق خۇرجۇندا ئالتۇن - كۈمۈش
ئېلىپ، شاھ ئاتىمىزغا ئۇقتۇرماي، سودىگەرچە يا-
سىنىپ يولغا چىقايلى، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى.

شاھزادە بىلەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى مەسلىھەتنى
پىشۇرۇپ، ماللارنى قىرىق ئاتقا ئارتىپ، ئىككى
ئاتقا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ - مې-
ڭىپتۇ، چۆللەر كېزىپ، داۋانلار ئېشىپتۇ، نۇرغۇن
شەھەرلەرگە بېرىپتۇ. لېكىن «گۈزەل شەھىرى»نى
زادىلا تاپالماپتۇ. شاھزادە بىلەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى
يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئالتە ئاي بولغاندا ئۇلار
بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، بۇ شەھەرنىڭ
ياسىلىشى، ئادەملىرىنىڭ كىيىنىشى، ئۇلار كۆر-
گەن شەھەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايدىكەن.
بۇ شەھەرنىڭ خەلقلىرىمۇ ئۇلارغا ھەيران قېلىپ،
ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىۋاپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ
ئوتتۇرىسىدا يوغان قورۇلۇق بىر ساراي بار بولۇپ،
ئۇنى بىر ئايال ئاچىدىكەن، ئۇنىڭ قىرىق خىزمەت-
چىسى ۋە ئات باقارلىرى بار ئىكەن. سارايۋەن ئايال
يىراقتىن بۇ شەھەر خەلقىگە ئوخشىمايدىغان ئىك-
كى سودىگەر يىگىتنىڭ شەھەر مەركىزىگە قاراپ
كېلىۋاتقانلىقىنى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى
ئارقىسىغا كىرىۋالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە
«بىزنىڭ شەھەرگە يىراق شەھەرلەردىن سودىگەر
كەلگەن ئوخشايدۇ، بۇلارنى ئۆز سارىيىمغا باشلاي،
باي سودىگەرلەر بولسا جىقراق ھەق ئالارمەن» دەپ
ئويلاپ، خىزمەتكارلىرى بىلەن چىقىپ بۇ ئىككى
يىگىتكە تازىم قىپتۇ ۋە دەپتۇ:

— ئەي سودىگەر يىگىتلەر، بىزنىڭ سارايغا
چۈشۈڭلار، سارىيىمىز ئازادە، ئۇنىڭ ئۈستىگە
شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا، كۆنۈپ قالساڭلار بىر
نەچچە كۈن تۇرارسىلەر.

— رەھمەت، بىزمۇ ساراي ئىزدەپ كېتىپ
باراتتۇق، سىلىنىڭ سارايلىرىغا چۈشەيلى، —

دەپتۇ يىگىتلەر. ئايال سارايۋەن بۇ ئىككى سودىگەر يىگىتنى كۈتىدىغانغا مەخسۇس قىزلارنى تەيىن قىپتۇ. تاماق تەييارلاپ غىزا بېرىپتۇ. ئارقىدىن سازەندىلەرنى باشلاپ كىرىپ، نەغمە ـ ناۋا قىپتۇ. نەغمە تازا قىزىغاندا نەغمىچىلەر تۇيۇقسىز توختاپ يوشۇرۇنۇپتۇ. كوچىدىكىلەرمۇ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپتۇ، شاھزادە بىلەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى بۇنىڭدىن ھەيران قاپتۇ ۋە بىر نەغمىچىدىن سوراپتۇ:

— بىر ئوبدان نەغمە قىلىۋاتاتتىڭلار، نېمە ئۈچۈن يوشۇرۇنۇۋالىسىلەر؟

— سىلەر يىراقتىن كەلگەچكە بىلمەيسىلەر. بۇ شەھەرنى «گۈزەل شەھىرى» دەيدۇ. پادىشاھنىڭ ئىسمى گۈزەل شاھ، پادىشاھنىڭ بىر قىزى بار، ئىسمى مەلىكە زەررىن تاج، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق. بۇنىڭدىن ئالتە ئاي ئىلگىرى بۇشەھەردىن يىراق نايپال دېگەن شەھەرنىڭ شاھزادىسىدىن ئەلچى كەلگەن. مەلىكە زەررىن تاج رەت قىلغاندىن كېيىن ئۇ شاھزادە دەر غەزەپ بولۇپ لەشكەر تارتىپ كېلىپ، گۈزەل شەھىرىگە تەھدىت سالدى. گۈزەل شاھ ئەسكەر چىقىرىپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، دۈشمەنگە كۈچى يەتمەي پادىشاھلىقىنىڭ ئامانلىقىنى دەپ قىزىنى ئۇ شاھزادىگە بەرمەكچى بولدى. لېكىن مەلىكە زەررىن تاج «مېنىڭ ئوقۇشۇم پۈتمىدى، ئالتە ئاي تەخىر قىلسۇن، ئوقۇشۇم پۈتكەندىن كېيىن ئاندىن توي قىلىشقا قوشۇلىمەن، بولمىسا ئۆزۈمنى نابۇت قىلىمەن» دەپ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ شاھزادە ئالتە ئايغىچە مەلىكىنى نامەھرەمدىن قوغداش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ نۆرغۇن چاپارمەنلىرىنى بۇ شەھەردە قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز مەلىكىنى قوغدايدۇ. مەلىكە ھەپتىدە بىر كۈن شەھەر ئايلانغىلى چىققاندا ئەركەكلەرنىڭ سىرتقا چىقىشى مەنئى قىلىنغان، ئەگەر بىرەر ئەركەك مەلىكىگە ئۇچراپ قالسا ھېلىقى شاھزادىنىڭ چاپارمەنلىرى شۇ ھامان ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. بۈگۈن مەلىكىنىڭ سىرتقا چىقىدىغان كۈنى، يوشۇرۇنۇۋېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇ، — دەپتۇ نەغمىچىلەر.

شاھزادە «نىگارىمنىڭ شەھىرىگە كەلگەن ئوخشايمەن» دەپ ئويلاپ، دېرىزىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. مەلىكە زەررىن تاج شەھەر ئايلىنىپ ئايال سارايۋەننىڭ سارىيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، يۈزىدىكى نىقابىنى شامال قايرىۋېتىپتۇ، مەلىكىنىڭ يۈزىدىن چىققان نۇر شاھزادىنىڭ يۈرىكىگە تېگىپ شاھزادە ھوشىدىن كېتىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى شاھزادىنى كۆتۈرۈپ ھۇجرىغا ئەكىرىپ ياتقۇزۇپتۇ. شاھزادە ئۈچ كۈنگىچە ھېچنېمە يېمەي يېتىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى شاھزادىگە دەپتۇ:

— ئەي دوستۇم، مەلىكە زەررىن تاجنىڭ جامالىنى كۆرۈپلا بىھوش بولسىڭىز، بۇنداق تاماق يېمەي يېتىۋېرىپ ئاجىزلاپ كەتسىڭىز، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمىزنى قانداق قىلالايمىز؟ ئالدىمىزدا تېخى نۇرغۇن مۇشەققەتلەر بار. دەرھال ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، نىگارىڭىزنىڭ ۋىسالىغا يېتىشىڭىز ئۈچۈن ئامال ئىزدەيلى.

— مەن ئىزدىگەن جۈپتىنىگارىم ئاشۇ شۇ، مەشۇقۇم تېپىلدى. ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمانىم يوق. مەن بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەي، — دەپتۇ شاھزادە.

— بۇ ھالىڭىزدا ئۇ مەلىكە بىلەن كۆرۈشەلمەيسىز، تويى بولماقچى بولغان يىگىتنىڭ ئادەملىرى مەلىكىنى كېچە ـ كۈندۈز مۇھاپىزەت قىلىدىكەن. ئاۋۋال مەن بىر ئامال قىلىپ باقاي، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى ۋە ئىككى دانە گۆھەرنى ئېلىپ سارايۋەن ئايالنىڭ يېنىغا كىرىپ دەپتۇ:

— غوجايىن، مەن بىلەن بىللە كەلگەن سودىگەر يىگىت باغداد شەھىرى پادىشاھىنىڭ ئوغلى. شاھزادىمىز چۈشىدە مەلىكە زەررىن تاجنى كۆرۈپ ئاشىقى بىقارار بولغانىدى. لېكىن مەلىكىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئۆزلىرىنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىپ مەلىكىنى تېپىشقا مۇيەسسەر

بولدى. مەلىكە زەررىن تاج بىلەن كۆرۈشۈش مۇم-
كىن بولامدۇ - يوق؟ يول كۆرسىتىشلىرىنى
سورايمەن، — دەپ ئىككى گۆھەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا
قويۇپتۇ.

— سەن مېنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرەي دەمسەن،
مەلىكە زەررىن تاجنى يۈزدىن ئارتۇق نەۆكەر كېچە-
كۈندۈز قوغدايدۇ، بىرمۇ يات ئەر كىشى بىلەن كۆ-
رۈشتۈرمەيدۇ. ئەگەر كىمدە كىم مەلىكىنىڭ پېيىد-
ە بولىدىكەن، كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىنىدۇ،
مەن ئۇنداق ئىشنى قىلالمايمەن، — دەپتۇ ئايال
سارايۋەن.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى يىغلاپ كېتىپتۇ. سارايۋەن
ئايال سوراپتۇ:

— نېمىگە يىغلايسەن؟

ۋەزىرنىڭ ئوغلى ھەممە ئىشلارنى سۆزلەپ بې-
رىپتۇ. «ئەمدى مەلىكىنى تاپقاندا، ۋىسالىغا يەتكىلى
بولمىسا قانداق قىلغۇلۇق» دەپتۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى.

— سەن يىغلاپ ئاۋارە بولما. شەھەرنىڭ جەنۇ-
بىدىكى دەريا بويىدا بىر موماي ئولتۇرىدۇ. سەن
شۇنى تاپ، بۇ گۆھەرنى شۇنىڭغا بەرسەڭ يول
كۆرسىتىشى مۇمكىن، — دەپتۇ ئايال سارايۋەن.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئىككى دانە گۆھەرنى ئېلىپ
دەريا بويىغا بېرىپ ھېلىقى مومايىنى تېپىپتۇ. ئۇ
ئىككى دانە گۆھەرنى مومايىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۆ-
زىنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى بىر - بىرلەپ دەپتۇ.
موماي بىرھازا تۇرۇپ كېتىپ:

— بۇ تولىمۇ مۇشكۇل ئىشكەن، شۇنداقتىمۇ
بىر ئامال قىلىپ كۆرەيلى. ئەتە مەلىكىلەرگە خاس
كىيىمدىن ئىككى يۈرۈش ۋە زىبۇزىننەت ئېلىپ
كېلىڭلار. يەنە يۈز تىللا ئېلىپ كېلىڭلار، چارى-
سىنى ئۆزۈم قىلىمەن، — دەپتۇ موماي.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى دەرھال سارايغا قايتىپ
ئەھۋالدىن شاھزادىنى خەۋەردار قىپتۇ. ئېسىل ئايال-
چە كىيىمدىن ئىككى كىشىلىك تەييارلاپ، زىبۇ زىن-
نەتلەرنى يەتكۈدەك ئېلىپ مومايىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

موماي شاھزادە بىلەن ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى ئا-
يالچە ياساندۇرۇپ، زىبۇ زىننەتلەرنى تاقاپ، شۇنداق
ياساپتۇكى، ھاي - ھاي، بۇ ئىككەيلەن ئاي دېسە ئاي
ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، پەرىلەرنىڭ ئۆزى
بوپتۇ، موماي بۇ ئىككى «قىز»غا مۇنداق دەپتۇ:

— ھازىردىن باشلاپ ئىككىڭلار ئاچا - سىڭىل،
سىلەرنى مەلىكە زەررىن تاجنىڭ ئايال ئۇستازىنىڭ
قېشىغا ئېلىپ بارىمەن، سىلەر ئوقۇغىلى كەلدۇق
دەيسىلەر. ناۋادا مەلىكە زەررىن تاجنىڭ كۆڭلىگە يې-
قىپ قالساڭلار، سىلەرنى ئۆزىگە كېنىزەكلىككە قو-
بۇل قىلسا، ياق دېمەڭلار، مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا
مۇددىئايىڭلارنى دېسەڭلار، مۇرادىڭلار ھاسىل
بولغاي.

موماي ئىككى «قىز»نى ئېلىپ ئوردىغا راۋان
بوپتۇ. موماي بۇ «قىز»لارنى مەلىكە زەررىن تاج-
نىڭ ئۇستازىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ، ئاۋۋال
سالام بەرگۈزۈپتۇ. ئاندىن يۈز تىللانى ئۇستازىنىڭ
ئالدىغا قويۇپ دەپتۇ:

— بۇ ئىككى قىز مېنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىمـ-
نىڭ قىزلىرى، بۇلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇ-
سى بار ئىدى. نەۋرە سىڭلىم ئۆزلىرىنىڭ تەربى-
يىلىرىنى ئۇزاقتىن بېرى ئاڭلاپ، سىلىدىن تەلىم
ئالسا دەپ مېنىڭ يېنىمغا ئەۋەتكەنىكەن، ھۇزۇر-
لىرىغا ئېلىپ كەلدىم، ئۇلارنى ئېلىپ قالسىلا،
قىزلار بىلەن بىللە تەلىم ئالسا بوپتىكەن.

ئۇستاز بۇ ئىككى «قىز»نىڭ چىراي - شەك-
لى، ئەدەپ - ئەخلاقىغا قاراپ مەسلىكى كەپتۇ ۋە
دەپتۇ:

— پادىشاھنىڭ ھۆكمى بويىچە ئوردىدا ئو-
قۇشقا سىرتتىن بىرمۇ قىز قوبۇل قىلىنىشقا بول-
مايتتى، ئەمما بۇ ئىككى قىز بەكمۇ ئەدەپ - قائى-
دىلىك ئىكەن، مەن پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ ئېلىپ
قالاي، بىردەم تۇرۇپ تۇرسىلا.

ئۇستاز دەرھال پادىشاھقا:

«شاھ ئالىيلىرى، سىڭلىمنىڭ ئىككى قىزى

بار ئىدى، سىڭلىم ماڭا ‹شۇ قىزلىرىمغا تەلىم بەرسىلە›، دەپ قىزلىرىنى ئەۋەتىپتۇ. سىڭلىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تەلىم بېرىشكە ئىمكانىيىتىم يوق، ھوزۇرلىرىدا سىڭلىمنىڭ ئىككى قىزىنى كېنىزەكلىرى قاتارىدا كۆرۈپ، قىزلار بىلەن بىللە تەلىم ئېلىشقا رۇخسەت قىلىشلىرىنى سورايمەن» دەپ خەت يېزىپ ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھ خەتنى كۆرۈپ:

— خەير، بوپتۇ. سىزنىڭ قىزىمنىڭ ئۇستازى بولغىنىڭىز يۈزىسىدىن سىڭلىڭىزنىڭ قىزلىرىنىڭ ئوردىدا ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلدىم. بىراق، بۇنداق تەلەپ قايتا تەكرارلانمىسۇن، — دەپ خەت ئېلىپ كەلگۈچىدىن جاۋاب ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى «قىز»نى قىزلار قاتارىغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى مەلىكە زەررىن تاجدىن ئاڭلايمىز.

مەلىكە زەررىن تاج گۈزەل شاھنىڭ: «قىزىم، شەھىرىمىزنىڭ ۋەيران بولماسلىقى ئۈچۈن ۋە پادىشاھلىق سەلتەنەتىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نايپال شاھزادىسىگە ماقۇل بولغىن، ئۇ پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى كۆپ ئىكەن، كۈچىمىز يەتمىدى» دەپ يالۋۇرغانلىقىدىن، دادىسىنىڭ ھالىغا ئىچى ئاغرىپ ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چېكىپ يۈرۈپتۇ. مەلىكىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ كۆيگىنى بار ئىكەن. ئۇ مەلىكە كىچىك ۋاقتىدا بىر چۈش كۆرگەنىكەن، چۈشىدە ئاسماندىن بىر نۇر چۈشۈپ ئۇ شۇنداق چىرايلىق يىگىتكە ئايلىنىپتۇ، ئۇ مەلىكىنى قۇچىقىغا ئېلىپ «ئەي مەلىكەم، سىز مېنىڭ جۈپتىنىگارىم، مەن سىزگە بىر بەلگە قىلىپ قوياي، بۇ ئالەمدە مۇرادىمىزغا يەتمىسەك، ئۇ ئالەمدە يېتەرمىز» دەپ سول مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپتۇ، مەلىكىنىمۇ ئۆزىنىڭ ئوڭ مەڭزىگە سۆيدۈرۈپتۇ ۋە «مانا قاراڭ، ھەرئىككىمىزنىڭ مەڭزىدە ئوخشاش بىردىن مەڭ پەيدا بولدى، ئەمدى بىر - بىرىمىزنى بۇ ئالەمدىمۇ، ئۇ ئالەمدىمۇ تاپالايمىز» دەپ كۆزدىن غايىپ بولغانمىش. شۇنىڭدىن بېرى مەلىكە زەررىن تاج ھەر قېتىم ئەينەككە قارىغاندا مەڭزىدىكى مەڭنى كۆرۈپ چۈشىدە كۆرگەن يىگىتنى ئەسلەيدىكەن، شېرىن خىياللارغا غەرق بولىدىكەن. لېكىن، بۇ يىگىت قەيەردە، نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى ئىزدەپ كەلمەيدۇ، بۇنى بىلمەيدىكەن. پەقەت ئاشۇ يىگىت ۋە مەڭزىدىكى مەڭ ئېسىدىن كەتمەيدىكەن. مەلىكە زەررىن تاج ئۆز ئاشىقىنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي باشقا بىرىسىگە زورلۇق بىلەن ياتلىق قىلىنماقچى بولغىنىغا ھەسرەت - نادامەت چېكىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەلىكە زەررىن تاجنىڭ ئۇستازى سىنىپقا گۈزەللىكتە ئۆزىنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئىككى قىزنى باشلاپ كىرىپ دەپتۇ:

— بۈگۈن ئاراڭلارغا شاھىمىزنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئىككى قىز قوشۇلدى. بۇ ئىككى قىز مېنىڭ سىڭلىمنىڭ قىزلىرى، بۇ ئىككىيلەن ئاچا - سىڭىل، بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىڭلار ئوخشاش ساۋاقداش، بۇلارمۇ باشقا قىزلاردەك مەلىكەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ.

بۇ ئىككى «قىز» ئورنىدىن تۇرۇپ ئاۋۋال ئۇستازىغا ئاندىن مەلىكىگە تازىم قىپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا شاھزادە بىلەن مەلىكىنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز ئۇچرىشىپ قاپتۇ. مەلىكە «بۇ كۆزلەر چۈشۈمدە كۆرگەن يىگىتنىڭ كۆزىگە ئەجەپمۇ ئوخشايدىكەن» دەپ ئويلاپ، يىگىتنىڭ مەڭزىگە قارىغانىكەن، ئوڭ مەڭزىدە ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش مەڭدىن بىرسى تۇرغۇدەك، مەلىكە زەررىن تاج كۆڭلىدە «بۇ يىگىت چۈشۈمگە يىگىت سىياقىدا كىرىپ، ئەمدى قىز بولۇپ كۆرۈنگىنى قانداق ئىشتۇ!» دەپ ھەسرەتلىنىپتۇ. باغدادلىق شاھزادىمۇ ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، مەلىكە زەررىن تاج بۇ ئىككى «قىز» بىلەن بىللە ئويناپتۇ، كېيىن بىللە دەرس تەكرارلاپتۇ. مەلىكە زەررىن تاج بىر كۈنى ئۇستازىدىن رۇخسەت ئېلىپ، ئىككى «قىز»نى ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇلار كەچ كىرگۈچە بىللە بوپتۇ. كەچ كىرگەندە، مەلىكە ئۇلارنىڭ قونۇپ

قېلىشىنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. شاھزادىگە بۇ گەپ تازا خوش كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتىپتۇ، مەلىكە زەررىن تاج مۇنداق دەپتۇ:

— قىزلار، مەن ھۇجرامدا ھازىرغىچە بىرەر قىزنى قوندۇرۇپ قالغان ئەمەس، نېمە ئۈچۈنكىن، ئىككىڭلارنى قەۋەتلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم، بۈگۈن ئۈستازىمغا دەپ سىلەرنى ئېلىپ قالدىم. ھازىرغىچە بىرەرسى مېنىڭ گېپىمنى رەت قىلغان ئەمەس، سىلەر نېمە ئۈچۈن رەت قىلىسىلەر؟

— مەلىكەم، ئىككىمىز قونۇپ قالساق باشقا قىزلار ھەسەت قىلىپ، شاھ ئاتىلىرىغا مەلۇم قىلسا، بىزنى ئوردىدىن ھەيدىۋېتىدۇ، — دەپتۇ شاھزادە.

— ئاتامغا ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن، — دەپتۇ مەلىكە.

باغدادلىق شاھزادە ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا قاراپ:

— قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ.

— بىز مەلىكەمنىڭ كېنىزەكلىرى، مەلىكەم نېمە دېسە شۇنداق قىلىمىز. بىراق، قىزلارنىڭ ھەسەت قىلماسلىقى ئۈچۈن مەن قىزلار بىلەن ياتاي، قىزلارغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىپ، كۆڭلىنى ئاچاي. «ئاچام» مەلىكەم بىلەن بىرگە ياتسۇن، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى.

بۇ گەپ مەلىكىگە يېقىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى قىزلارنىڭ يېنىغا چىقىپ كېتىپتۇ. مەلىكە زەررىن تاج بىر كېنىزەككە چۈشەك ئەكىردۇرۇپ شاھزادىغا سالدۇرۇپ بېرىپتۇ.

بۇ ئىككىيلەن مۇڭدىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى دېيىشىپتۇ. مەلىكە زەررىن تاج شاھزادىگە قارىغانسېرى چۈشىدە كۆرگەن يىگىت كۆز ئالدىغا كېلىپ، ھېسسىياتىنى باسالماي ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىسىنى ۋە ئۆزىنىڭ مەڭزىدىكى مېڭىگە ئوخشاش مەڭنىڭ شاھزادىنىڭ يۈزىدىمۇ بارلىقىنى دەپ بېرىپتۇ. شاھزادە ھەيران بوپتۇ، ئۇ ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ مەڭزىدىكى مەڭگە ئېتىبار قىلمىغانىكەن. شاھزادە «بىزنىڭ تەقدىرىمىز بىر ئوخشايدۇ، قانداقلا بولسۇن ئۆزۈمنى ئاشكارىلاي» دەپ ئويلاپتۇ ۋە:

— مەلىكەم، مېنىڭ سەرگۈزەشتەم سىزنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن. بىراق مەن بېشىمدىن ئۆتكەننى دېسەم، سىلىنىڭ غەزەپلىنىشلىرىدىن قورقىمەن.

— مەن نېمىشقا غەزەپلىنەي؟ — دەپتۇ مەلىكە.

— ئەمىسە گۇناھىمدىن كېچىشكە ۋەدە بەرسىلە، مەن ھەممىنى سۆزلەپ بېرەي، — دەپتۇ شاھزادە.

— شاھزادە ئۆزىنىڭ چۈشىدىن باشلاپ تاكى قىزبالىچە ياسىنىپ مەلىكىنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانلىقىغا قەدەر بېشىدىن ئۆتكەن ۋە قىلغان ئىشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە مەلىكىگە:

— مەلىكەم، «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن گەپ بار، مەن ئەدەپسىزلىك قىلىپ قىياپىتىمنى ئۆزگەرتىپ جاماللىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. قالغان ئىختىيار ئۆزلىرىدە، — دەپتۇ شاھزادە.

مەلىكە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي، خۇددى ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ئۆزىگە كېلىپ «سىز شۇمۇ؟» دەپتۇ ـ دە، شاھزادىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. كېچىچە بىر چۈشەك بىكار قاپتۇ. ئەتىسى مەلىكە ناھايىتى خۇشال يۈرۈپتۇ. شاھزادىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالماپتۇ. بۇلار مۇشۇنداق ۋىسال شارابىنى ئىچىپ يۈرگەن كۈنلەردە، مەلىكە زەررىن تاجنىڭ سورىغان مۆھلىتى توشۇپ، مەلىكىنى ئالماقچى بولغان شاھزادە توي قىلىپ، مەلىكىنى يۆتكەپ كېتىش ئۈچۈن كەپتۇ. مەلىكىنىڭ بېشىغا يەنە غەم چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى مەلىكىگە:

— مەلىكەم، غەم قىلمىسىلا، سىلى بىزگە

ماسلىشىپ بەرسىلە، بىزنىڭ دېگىنىمىزدەك قىلـ-
سىلا، شۇ چاغدا بۇ غەمدىن قۇتۇلىلا، ــ دەپتۇ.
ــ قانداق قىلىمەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ مەلىكە.
ۋەزىرنىڭ ئوغلى:
ــ سىلى ئۆز رازىلىقلىرى بىلەن ئۇ شاھزا-
دىگە تېگىدىغان قىياپەتتە ناھايىتى خۇشال يۈرسە-
لە، سىلىنى يۆتكەيدىغان كۈنى سىلىنى ئالماقچى
بولغان شاھزادىگە بىر يۈز ئاتمىش كېنىزەك ئېلىپ
كېلىشىنى، ئۇ كېنىزەكلەر كېلىپ ـ كەتكۈچە ئا-
رىلىقتا يۈزىگە نىقاب تارتىپ يۈرۈشىنى، بولمىسا
نامەھرەم بولىدىغانلىقىنى ئېيتسىلا، قالغان
ئىشلارنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن، مەن نېمە دې-
سەم شۇنى قىلسىلا، ــ دەپتۇ.
مەلىكە زەررىن تاج ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ دې-
گىنى بويىچە دادىسىغا خەت چىقارتىپتۇ. گۈزەل
شاھ قۇدا تەرەپكە مەلىكىنىڭ تەلپىنى يەتكۈزۈپ-
تۇ. توي يەتتە كېچە ـ كۈندۈز داغدۇغا بىلەن ئۆت-
كۈزۈلۈپتۇ. تويىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ۋەزىرنىڭ ئوغ-
لى مەلىكىگە دەپتۇ:
ــ سىلى توي كىيىملىرىنى كىيدۈرۈشكە
«ئاچا ـ سىڭىل» ئىككىمىزنى تالىسىلا، باشقا
ھېچقانداق كىشى كىرمىسۇن، كېنىزەكلەر سىرتتا
قوغداپ تۇرسۇن.
مەلىكە ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ دېگىنى بويىچە
ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى مەلىكىنىڭ
تويلۇق كىيىملىرىنى كىيىپ زىبۇ ـ زىننەتلىرى-
نى تاقاپ، مەلىكە زەررىن تاجنىڭ ئۆزى بوپتۇ. مە-
لىكە سوراپتۇ.
ــ قانداق قىلماقچىسىز؟
ــ مەن ھازىردىن باشلاپ مەلىكە زەررىن تاج،
ئىككىڭلار مېنىڭ كېنىزەكلىرىم، مەن ئىككىڭلار-
نى «خاس كېنىزىكىم» دەپ ئېلىپ ماڭىمەن. يېرىم
يولدا سىلەر باشقىلارغا بىلىندۈرمەي قېچىپ كې-
تىڭلار، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلى-
مەن، ــ دەپتۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى. مەلىكە زەررىن
تاج پەقەت چېنىپ قالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تول-
مۇ خۇش بوپتۇ ۋە شاھزادە بىلەن كېنىزەكلەردەك
ياسىنىپ، ئۇچرىشىدىغان جاينى دېيىشىپتۇ.
قىز يۆتكىگىلى كەلگەنلەر «زەررىن تاج»نى
پىل ئۈستىگە قۇرۇلغان ئالتۇن تەختكە ئولتۇرغۇ-
زۇپ، بىر يۈز ئاتمىش كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا
يولغا چىقىپتۇ. يول ئۈستىدە گۈزەل شاھ شىكارغا
چىققاندا قونىدىغان بىر چارباغ بار بولۇپ، ناھا-
يىتى چوڭ ۋە گۈزەل ئىكەن. مەلىكە زەررىن تاج
شاھزادە بىلەن مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىشنى دېيىشكە-
نىكەن. ئۇلار ئىككىنچى قونالغۇدا بۇ چارباغقا
يېتىپ كەپتۇ ۋە مۇشۇ چارباغدا قونۇپتۇ. ئەتە-
سى ۋەزىرنىڭ ئوغلى پىل ئۈستىدىكى ئالتۇن
تەختتە ئولتۇرۇپ، قىز يۆتكىگىلى كەلگەنلەر بىلەن
مەلىكە زەررىن تاجنىڭ ئورنىدا يۈرۈپ كېتىپتۇ.
مەلىكە زەررىن تاج شاھزادە بىلەن باغدا يوشۇرۇنۇپ
قاپتۇ. بۇلار باغدا قىلىشۇرسۇن، ئەمدى گەپنى ۋە-
زىرنىڭ ئوغلىدىن ئاڭلايمىز.
مەلىكە زەررىن تاجنىڭ سىياقىدا ياسىنىۋالغان
ۋەزىرنىڭ ئوغلى قىز يۆتكەيدىغانلار بىلەن مېڭىپ-
تۇ. ئۇ ئاز مېڭىپ، كۆپ مېڭىپ، ئاخىر قىيىنئا-
تىسىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. «مەلىكە» شە-
ھەرگە كەلگەندىن كېيىن، شاھزادىنىڭ يېنىغا
كىرىشنى رەت قىپتۇ. يۈزىدىن نىقابىنى زادىلا
ئالماپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن
مەلىكىگە:
«قىزىم، سىز كەلگىلى بىر قانچە كۈن بولدى،
ھازىرغىچە يۈزىڭىزنى ئاچمىدىڭىز، شاھزادىنىمۇ
قوبۇل قىلماپسىز، بۇنداق بولسا، ئېرىڭىز ۋە بىز
كۆڭۈل غەشلىكىدە قالىدىكەنمىز» دەپ خەت كىر-
گۈزۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى خەتنى كۆرۈپ مۇنداق
جاۋاب بېرىپتۇ:
«شاھ ئاتا، مەنمۇ ھالال جۈپتۇم بىلەن كۆرۈ-
شۈشنى، بىر ياستۇققا باش قويۇشنى بەكمۇ خالاي-
مەن، مەن نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغانىدىم، بۇ كې-

تابلاردا دېيىشىچە، «ھەر قانداق بىر قىز ياتلىق بولغاندا، ئېرى بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويۇشتىن بۇرۇن، خىلۋەت جايدا يەتتە كۈن يالغۇز تىلاۋەت قىلىپ، ئاندىن كۆرۈشسە، ئاخىرغىچە بەختلىك ئەر ـ خوتۇن بولىدۇ، مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ، ئەگەر ئېرى پادشاھ بولسا پادشاھلىقىدىن يىقىلمايدۇ، دېيىلگەنىكەن. شۇڭا، ئېرىم بىلەن مەڭگۈ بىللە ئۆتۈش ئۈچۈن خىلۋەت جايغا بېرىپ يەتتە كۈن تىلاۋەت قىلىپ كەلسەم» دەپ خەت يېزىپتۇ. پادشاھ بۇ خەتنى كۆرۈپ «مەلىكە تەقۋادار ئىكەن، يىراقنى ئويلايدىكەن» دەپ، مەلىكىنىڭ چاھار باغقا بېرىپ دۇئا تىلاۋەت قىلىپ كېلىشىگە رۇخسەت قىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ، خاس كېنىزەكلىرىدىن بەش قىزنى ئېلىپ، مۇلازىملارنىڭ ھەمراھلىقىدا پادشاھنىڭ چاھار بېغىغا بېرىپتۇ ۋە خاس ھۇجرىغا ئورۇنلىشىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى كەتكەندىن كېيىن، پادشاھنىڭ يادىغا قىزى كەپتۇ ۋە «قىزىم مەلىكە زىبا بالاغەتكە يەتتى، ئۇنىڭمۇ يېقىندا توي بولىدۇ، مەلىكە زەررىن تاج كۆپ ئوقۇغان قىزكەن، قىزىمنى قوشۇپ قويسام مەلىكە زەررىن تاجدىن تەلىم ئېلىپ قايتىپ كەلسە ياخشى بولغۇدەك» دەپ ئويلاپتۇ، ـ دە، قىزىنى چاقىرتىپ:

— قىزىم، مەلىكە زەررىن تاجدىن تەلىم ئېلىپ، بىللە تىلاۋەت قىلىپ كەلگىن، مەلىكە نېمە دېسە، «ماقۇل» دە، شۇنداق قىلساڭ بەختلىك بولىسەن، — دەپتۇ.

مەلىكە زىبا ماقۇل بوپتۇ، پادشاھ بۇ مەلىكىنى ئىككى مۇلازىم بىلەن قوشۇپ چاھار باغقا ئەۋەتىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى قىز كىيىمى بىلەن چاھار باغدا ئولتۇرسا، ناھايىتى چىرايلىق بىر قىز ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقۇدەك. «بۇ قىز كىمدۇ، نېمىشقا كەلگەندۇ» دەپ ئويلاپ، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. قىز ئىككى مۇلازىم بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى قىزدىن.

— مەن مۇشۇ شەھەر پادشاھىنىڭ قىزى، سىزنىڭ شاھزادىڭىزنىڭ سىڭلىسى بولىمەن. دادام مېنى سىز بىلەن بىللە تىلاۋەت قىلىپ، سىزدىن تەلىم ئېلىشقا ئەۋەتتى، — دەپتۇ مەلىكە زىبا.

— ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى.

— مەلىكەم، مەن سىزنى ھەدە دەمدىم ياكى ئىسمىڭىزنى چاقىرامدىم؟ قاچاندىن باشلاپ تەلىم بېرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە زىبا. ۋەزىرنىڭ ئوغلى:

— مېنى ھەدە دېسىز، چۈنكى مەن سىزدىن چوڭ. تەلىم ئېلىشىڭىزمۇ تەرتىپى بولىدۇ. سىز ئاۋۋال دادىڭىزدىن تۆت ئات، ئىككى خورجۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ئەكەلدۈرۈڭ، بىز ئاۋۋال يۇرت ئارىلاپ يېتىم ـ يېسىر، غېرىب ـ مىسكىنلەرگە سەدىقە بېرىپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئالىمىز. قاچان شۇ دۇئالارنىڭ خاسىيىتى سىزگە تەسىر قىلغۇچە داۋاملاشتۇرىمىز. ئاندىن سىزگە تەلىم بېرىشنى باشلايمەن. مەن ئۇستازىمدىن تەلىم ئالغاندىمۇ مۇشۇنداق قىلغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

مەلىكە زىبا ئەھۋالنى دادىسىغا يەتكۈزۈپ،

«ھەدىسى»نىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ، ئاندىن ئۇلار غېرىب - مىسكىنلەرنىڭ دۇئاسىنى ئالغىلى بارىمىز، دەپ باغدىن چىقىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار مېڭىپ - مېڭىپ مەلىكە زەررىن تاج بىلەن شاھزادە قېپقالغان چاھار باغقا يېتىپ كەپتۇ. كىرىپ قارىسا، زەررىن تاج بىلەن شاھزادە ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ، چاقچاقلىشىپ ئولتۇرغۇدەك، مەلىكە زەررىن تاج بۇلارنى كۆرۈپ «بۇلار كىمدۇ؟» دەپ تۇرۇشىغا، ۋەزىرنىڭ ئوغلى يۈزىدىكى نىقابنى ئېلىپ تاشلاپتۇ. مەلىكە زەررىن تاج ئۇنى تونۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەھۋال سوراپتۇ ھەم بىللە كەلگەن قىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى «سىلىنىڭ سىڭىللىرى مەلىكە زىبا» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مەلىكە زەررىن تاج قېيىنئاتىسىنىڭ مەلىكە زىبا ئىسىملىك يەنە بىر قىزى بارلىقىنى ئاڭلىمىغانىكەن، مەلىكە زەررىن تاج كۈلۈپ كېتىپ:

— ئەي ۋەزىرنىڭ ئوغلى، سىزمۇ قۇرۇق قالماپسىز، جۈپتىڭىزنى تېپىپ كەپسىز، مۇبارەك بولسۇن، — دەپتۇ.

مەلىكە زىبا ھېچنەرسىنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. مەلىكە زەررىن تاج ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا ئىشارەت قىلغانىكەن، ۋەزىرنىڭ ئوغلى دەرھال ھۇجرىغا كىرىپ، ئايالچە كىيىملىرىنى تاشلاپ، شاھانە كىيىملىرى بىلەن ياسىنىپ چىقىپتۇ. مەلىكە زىبا ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا قاراپ ئۆزىنى ئېلىپ كەلگەن ئادەم مەلىكە زەررىن تاج ئەمەس، بەلكى يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، كېلىشكەن بىر يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا ئاشىق بىقارار بوپتۇ. مەلىكە زەررىن تاج مەلىكە زىباغا ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە:

— بۈگۈندىن باشلاپ سىز مېنىڭ سىڭلىم بولۇڭ، ئىككىمىز ئاچا - سىڭىل بولايلى، — دەپتۇ. مەلىكە زىبا خۇشاللىق بىلەن رازى بوپتۇ. بۇ ئىككى جۈپ ئاشىق - مەشۇق چارباغدا بىر كېچە قونۇپ، يول تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ، باغداد شەھىرىگە قاراپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇلارنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئاپتۇ ۋە پۈتۈن يۇرت خەلقىگە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا پىلال كەنتىدىن سايىلخان يۈسۈپ؛
توپلاپ رەتلىگۈچى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە)

ئۈزۈلمس ئېقن



يۇرتۇم



مەمەت ئەيسا سىزغان



ئۆتكەن كۈنلەر

مۇھسىن كىئانزادە سىزغان


源　泉（布拉克）

بۇلاق

（维吾尔文）　总157期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 157-سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编：艾力·托合提　副主编：穆合塔尔·马木提

باش مۇھەررىر: ئەلى توختى مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مۇختار مامۇت

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐八家户彩印有限公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر)
ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号：CN65-1063/I
国际标准连续出版物号：ISSN 1005-0876
国外发行号：Q1118 邮政编码：830001
邮政代码：58-108 定价：8.50元
广告经营许可证号：6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1063/I
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1005-0876
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118 پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108 باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043